ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# بو ساندا :


1 - ھەر دەرىجىلىك تشكىلاتلارنىڭ سايلىمى مناسبتى بلەن .

2 - مەن قەشقەردە چاغدا — — — انوەر .

3 - جاستارغا — — — ب . ت .

4 - اويغور تارىخى وە اولارنىڭ تلى توغرىسىدا .

5 - اوتوپىيە وە تىخنىكا — — — ق . خ .

6 . كونفيرينسيەدين كيىن — — — ع . ضيام .

7 - كوچوككە ھجوم ( ھەتىرە ) — — — ز . ق .

8 - ظلوم خاطرەسىدىن ( شىعر ) — — — م . عثمانى .

9 - گودوك — — — ن . اوستروويسكى .

10 - قان ( شيعر ) — — — ت . قھارى .



ناشرى : شرقى توركستان انقلابچل ياشلار تشكيلاتىنىڭ مركزى كوميتىتى

ژورنالنىڭ مسئول محريرى سيف الدەيف ، ادبى محررى : ز . قادىرى ،

كاريكتورى : م . عثمانى .

شرقى توركستان انقلابچل ياشلار تشكيلاتى مركزى كومىتىت باسماخانيسى .

شەھرى : غولجا

تيرازى : 2000

# هەردەرىجىلىك تشكىلاتلارنىڭ سايلىمى مناسبەتى بلەن

شرقى توركستان انقلابچىل ياشلار تشكىلاتى مركزى كومىتېتىنىڭ كورسەتمەسى وە تشكىلاتىمىز نظام نامىسىگە موافىق 1947 - يىلىڭ كرىشى بلەن ويلايەتلىك حربى ، ناحيەلىك ، رايونلوق كومىتېتلەرنىڭ باشلىق وە هېئت رىياست اعضالرى سايلىمى بور گوزولمەكدە . تشكىلاتىمىز نظام نامىسى 5 - باب 51 - مادەسىدا: «هەردەرىجىلىك تشكىلاتقا سايلانغوچىلار وە مجلسنىڭ قرارى : قاتنىشىشى لازىم بولغان اعضالارنىڭ ياكى وەكىللەرنىڭ كوپچولوگىنىڭ آوازى بلەن بولودو» دېيلگەن. هەردەرىجىلىك تشكىلاتلاردا بور گوزولگەن سايلاۋ ... شونىڭغا آساسلانغان بولدوقى سايلاۋنىڭ علاحيدە اهمىيتى شوكى سايلام شوبەرلىك كومىتېت قارمىغىدىكى كوپچولوك اعضالارنىڭ يوشرون آواز بېرىش يولى بلەن برنچى مرتبە كاندىداتورا كورسەتوش ، ايككنچى مرتبە ناماتقان كاندىداتورالارنى رەسمى سايلادىن اوتكوزوش يولى بلەن بور گوزولدى .

دەمەك كورسەتمە بويىنچە سەول ، سويدوك ، چىگچەگزە ، منغول كوره ، توقوزتارا ، كوناس ، ناقا ناحيەلىك كومىتېتلرى ، حربى كومىتېت وە رايونلوق كومىتېتلر سايلامنى تاماملىدى . قالغان ناحيەلىك ، يولىك كومىتېتلەردە سايلام بور گوزولمەكدە .

معلومكى تشكىلاتىمىز مركزلەشكەن ازچىل خلقچىل سىستېمىدا قورولغان تشكىلات بولغاچقا ، هەردەرىجىلىك تشكىلاتلارغا سايلانغان اعضالارمو تشكىلاتىمىز اعضالارىنىڭ ايلگى آلدىنقى صفلىلاردىن عبارەتدور . شونىڭ بلەن هەردەرىجىلىك تشكىلاتلاردىكى اعضالارمو يېڭى باشلىق وە پېرىز دىئوم اعضالارىدىن تشكىلات مېدانىدىكى اونوق وە يېڭى غالىبىيتلەر قازىنىشنى اومىد قلىدو . تشكىلاتىمىزنىڭ مركزى كومىتېتى بتون اعضالارغا وە كاندىداتلىق اورونىدا توروب ، هەردەرىجىلىك تشكىلات اعضالارىنىڭ سايلىغان باشلىق وە پېرىزدىئوم اعضالارىنى معقوللاپ ، يېڭىدىن سايلانغوچىلارنىڭ خزمەتدە اونوملوك نتيجەقازىنىشىنى كوتىدو . شونىڭ اوچون هەردەرىجىلىك تشكىلاتلارغا سايلانغان باشلىق وە هېئت رىياست اعضالارىنىڭ خزمەتدە يېڭى موافقيتلەر قازىنىشى اوچون تۆۋەندىكى فكرلەرنى بېرىب اوتىمىز :

1 . تشكىلاتىمىزنىڭ نظام نامىسى مركزى كومىتېتىنىڭ اورگانى «كورەش» ژورنالى وە يول - يورۇقلارى تشكىلات اعضالارىنىڭ حركت قوللانمىسى وە پروگرامىسىدور . شونىڭ اوچون يېڭى باشلىق وە پرىزدىئوملار يوقرىدا كورسەتولگەن نقطەلارنىڭ بارلىق قونكىتلارىنى تولوق آڭلاپ قلىب ، عملى روشتە جارى قلىشقا كوچ چقارىشلارى ضرور .

2 . مركزی كومیتیتنىڭ هەردە-
ریجیلك تشكیلاتلار اوچون توزگەن خذمت
قوللانمیسینی تولوق تحلیل قلیب ، اونوڭ-
غا بىرنچی نووەتلیك ابای وبلایتلیك كوز
قیرنسیتنىڭ قرار اوینی قوشوب یەرلیك
عملی احوالغا موافیقلاشتوروب ، پلانلق ،
تشكیللك وە ابزچیللق روشدە اونی عملگە
آشوروشلری ضرور .

3 . هەردەریجیلك تشكیلاتلار پریز
دیئوم مجلیسینی كورسو توالگەن وقتدا
ایچیب ، یوقری دەریجلیك تشكیلات كور-
ەتمیسی وشوبەرلیك كومیتیت خذمتلری
اوستیدە یورگوزولیدیغان حینار وەقرار
لارنی بەلگولاب اوز وقتیدا اجرا قلیب
توروشاری ضرور . شونوڭ بلەن بللە
قارمیقیدیكی رایون ، باشلانغوچ تشكیلات
اوگونوش كورژوكلریدا اوتولیدیغان اع-
ضالار مجلیسگیمو هر وقتیدا قاتنیشب
توروشلری كیرەك ،

4 . یەرلیك كومیتیت تشكیلی
خذمیتینی مستحكملش بلەن آساسی قالام
قورلیشی بولغان اوگونوش كورژوكارید-
ناڭ تشكیلینی ساغلام یوسوندا قوروب ،
خذمتنی تشكیللك آلغا سوروشلری كیرەك
عموما تشكیلی طرفدە یوقری دەریجیلك
تشكیلات بلەن توۋەن دەریجیلك تشكیلات
تشكیلی قورلیشی وە مناسبتینی مستحكم
دەر بتون گەودە وە اوزولمس هالقیغا آیلاند-
ـدوروش لازیم .

5 . معلومكی : وطنیمز بو ییچە
II ماددالق یوتوم وە سیاسی پروگراما
آساسیدا خلقچیلقنی عملیلەشتوروش خذمتنی
یورگوزولمەكدە ، بوحقدە هر دەریجیلك
تشكیلات هیئت ریاست اعضالری شویەر-
لیك كومیتیت بلەن یەرلیك حكومت اور-
گانلاری اوتتورسیدیكی مناسبتنی مستحكە-
لەش بلەن یەرلیك حكومت اورگانلاری
خذمتینىڭ خلقچیل آساسیدا توغری جاری
قلنشی یولیدا تشبثچی بولوش كیرەك .

6 . یەرلیك كومیتیت قارمیقیدیكی
اعضالارغا مخصوص روحی داكلاد وەمخصوص
تعلیم - تربیە حركتلرینی بەلگولەب اجرا
قلش ، خاققە حاضرقی احوالات ، خلقچی-
لقنی عملیتیدە یورگوزوش ، یوتوم وە
سیاسی قوللانمیسنی حیمایە قلشنی آلغا
سوروش بلەن اونی توغری جاری قلشقا
توسقونلوق قلیواتقان ریئاكسیئونلارنىڭ
سرلرینی پاش قلش لازم .

ایكی آخریدا ، هردەریجیلك تشكیـ
لاتلارغا سایلانغان باشلق وە هیئت ریاست
اعضارینىڭ كورسەتیسیگە شوبەرلیك كو-
میتیت اعضالری تواەق بوبون سونوب
اولارنىڭ یول یوروق وە قرارلرینی سوز
سزبجریشلری كوزلیدو . بوحقدە تشـ
كیلاتیمز نظامنامیسینىڭ 5 - باب 45
ماددیسیدا تشكیلاتیمزنىڭ تشكیلی پریـ

سەببى : مەركەزلەشكەن خلقچيلق يەنى
توبەن دەرىجىلىك تشكيلاتنىڭ يوقىرى دەرى-
جىلىك تشكيلاتقا قطعى بويون سونوشى ،
اركين مذاكره قلينب قبول قلىنغان قرار
غا توبەنكى اورگان اعضالرىنىڭ توۋلوق
بوى سونوشى بولوب حسابلىنىدۇ» دېيىل-
گەن . هر — برانىنى اوستىق بويىچە
قطعى اجرا قلغاندىلا هردەرىجىلىك تشكي-
لاتلار بويىچە اوتواگان سايلامنىڭ 1947-
يىلدىكى تشكيلات خدمەتلىرى صادە-يلە
بيولوك نەتىجىلەر قازىنىشقا بولىدو .

باراق انقلابچل بولداشلا ! بزنى
بىيگى سايلام مناسبتى بىلەن مركزى كو-
مىتېتىنىڭ رەبرلىكى ، تشكيلاتىمزنىڭ نظام
نامىسى بويىچە تشكيلات خدمتلرىنى بىيگى
اوتوق وە غلبىبىتلرى اوچون آلغا !

## مەن قەشقەردە چاغدا

مەن 1945 - يىلى 7 - آينىڭ
17 - كونىدىن باشلاب ، قەشقەرغە خز-
مت بىلەن بوروب كەتكەن ايدىم . قەشقەر
ڧە بارغاندىن كېيىن بتون اېدارىلەردە آ
سان خدمەتنى خطاى مللى قلىۋالغانلقىنى
كوردوم . يەرلىك بعضى بر خدمەتچىلرنى
اوچراتمان بولسامو ، اولار خطايلارغا خو
شامەت قلىپ آدەمنىڭ غدىقسىنى كەلتو-
ديغان بر قسما حركتلر بلەن اش ايليب
يارماقدا ايكەن . اگر اوستىدىكى خوجا
يىن خطاى منصبدارلرى اولارنى هر
قنداق آدم حقارتلنيديغان خدمتلەرگە
بويروسىمو ، «مافول» دېين باشقىنى بلمەي
ديكەن . ياخشى ، وجدانلق آدەملار يەز
بولسا ، خطاى منصبدارلرى سوغاق قاراي
ديكەن : بلم و قابلىيتىنى هيچ قانداق اعت
بارغا آلماي ، قارا خدمەتكە بويرويديكەن
ديمەك خطاى منصبدارلرىنىڭ فايدىسى او
چون اوزقان قىربىنىلرىنى يام قليب يو
رىديغان يالاقچىلارلا ياخشى كورونيديكەن .
مەن بو احوالنى كورگەندىن كېيىن خز-
مت قلشدىن بېزدىم . شونىڭ اوچون شه
هردىن ناحيەگە قېچىپ چقىپ ، آلتى
آي چامىسى بىكار يوردىم . اما يېزا اگىد
لىكىدە سوالنلرنى بلمىدىغانلىقىم اوچون
مجبورى يوسوندا شەن جىڭفوغا خز مدكه
ايلندىم . شەنجىڭنىڭ معاونى طريقسيدە
ياسىن اسەلىك اوغوربار ايكەنلىكىنى كو
روب خرسند بولدوم . مەن ، ينە اوروم
چيدىن كەلگەن 3 نفر سونىچىنىڭ مذا
كيره قليب اولتورغان ايدوق ، تەبرات
بولوم باشلىقى سى كوچەك والاخلاب ، كە
مەيدو تلليغان اوزىنى آكلاب توختلپ قاليد
لدوق . «مان نىمەدەوانيدو؟» دەپ برسيدىن
سوريغان ايدىم . او : «كوچەك بر اوغور
مو دوزغا خوردوم اونوك بويريغان ايكەن.
او ، اونوكنىڭ نەرقى 18000 دوللار ايكەن

لگینی ایندفان ایکەن . اونی بو گون کەچ
کیچە نللاوانیلو . موزدوزنی باسیندا چا
فرتیب کیلاب اونوڭ آرفیلق 5000 دە
لارغا آلەانچی بولدی .

ئەتسی سی کوچك خودی شولی
قلدی . مەن شونلدین کیبن باسیندڭ‌قاندان
آدەم ایکەنلیگینی پایقیقیلی باشلیدیم . با
سین معاوین امەس ایکەن ، اونوڭ اساسی
قلیدیغان خذمتی ، یەرلیك خلقلر نی
خطای از گوچیلری فایدیسی اوچون اشلاپ
تبیب برشکە واصطبلق قورل ایکەن . او ،
بووافتلاردا یاملیواقان پونەیلەر او چون
کەمبەغەل بیچاریلارنی آز حق بیرش ،
یاکی پوتونلەی حەقسز اشلیتیپ جزانیخور
منصبدارلارنڭ اشچیلارغا تولیمیگەن مەنەت
حەققی بلەن خانسینی توشقوزوشقاسببچی
بولیدیکەن . شونداق قلیب هر ـ بر بو
لوم خطای خذمتچیلری و منصبدارلری خە
لق مەنیتی حسابیغا توپلانغان پوللاربلەن
برچەتدین خصوصی سودیگەرچیلیك اشینی
مو یورگوزیدیکەن .

بووانلاردا قەشقەرنڭ آزنفوسلوق

کیچیك ناحیەلریگە حدیدین تاشقری چو
شوواتقان آلوڭ ـ یاسافلار خلقنی جنیدین
جاق تویغوزغان . مثلا:= اوتون ، سامان
تومور ، کومور ، مەش ، یاغاچ ، خیش ،
سیلقلرینی تولەامەی آوارەبولوواتقان خلقفە
اوستی . اوستیگە آدەم سلیغیموسیلیوانقان
ایکەن . بوعادندین تاشقیری بولغان سیاقلار
نڭ سببی بو ایدی .

آرنوش ناحیەسیگە نهایتی‌چوڭ بر
سیپل سوقتوردی . بو سیپلنی آرنوش خا
قیگە 2 آی ایچیدە پونوروشکە امر بیرا
گەن ایدی . امە آرنوشدیکی بعضی سبزە
چان آدەملەر خلقغە بو سیپلنڭ آهمیت بو
لوب چوشوشی توغورلیق چوشەندورو روش
بیریپ ، « بز بیچارە خلق ، سیپل سالەی
مز » دیگەن مراجعتنی خطای منصبدارل
غا بەرگەندین کیین ، جڭ ناملق قانخور
آرنوشقا کیلاب : « سز آرنوش خلقی اوغور
لاردین سافلینش اوچون سیپل سالیمزدەپ
مراجعت قلغان ایکەنسزلەر . بو مەەینگ
لارغا رخصت انقیلی کەییم . لیکین آ
راڭلاردا بعضی آزادراق غەیلی اوغری
قویروقلری بار کورونو . بەلکی اولار
سیپلەرنڭ بوینشی اشگلارغا قارشیلق قلیپ
قالار . امما بز اولارغا رحیم قلمایمز . اوغ
ریلارغا قانداق معامیلە قلساق ، اولارغیمو
شونداق اش قلیمز . اونداق ضابلارنی
ییغیپ ایلیپ پیدلیموتقا ‌توندیز . سیلەر اوز
دافلارغا اگەشەی بار کوچکلارنی آیەی
سیپلنی چاپسان پونکوزسەگلار بولیدو «
دیدی . بو گەپ بلان خلق اوزینڭ سیپل
سوقالمایەیز دەپ بەرگەن عرضیدین چوچی
دی . « جڭ » نڭ مکارلیغی ، بر طرفدین
زورال بلەن قورقوتیشی آرقیسیدا خلق سیپ
پل سوقوشقا کرشکەن ایدی . کەمبەغەل
عاعیلیلەرگیمو کوندە 3 ـ 4 مەدیکار ،
1 ـ 2 ایشەك سیلیقی چوشەر ایدی . بو
نوڭ اوستیگە آرنوشدا کیمنڭ بیغی بوا
سا ، روخصەتسز باغاچلری کیسیلیبودی .
سیپلدا اشلەپ قایتشقا روخصت قلنغانلار
فقط ییمەکلری توگەپ آغریپ قالغان

كشيلەر بولاتتى. اولالڭ ايچيدە آچلقدين،
كيسەلدين اولگەنلرى ، مال ـ وارانيدين
آيريليب كەتكەنلرى تولا . اگر شو وافت-
دا آرتوشقا بيريب قاسيگر آرتوش
خلقينىڭ پوتون قايغوسى سيپبيل بولوب
قالغانليغينى كورسز . منا بو واقتدا آرتوش
دا بو سيپبيل توغورسيدا علاحيدە خلق
قوشاقلرى كيليب چقدى . منا اونوڭدين
بر كوبليتنى بويەرگە كەلتورەيلى :

آرتوشلوق اوغل باللا ،
ياقيغا سيپبيل سوقدى .
اشليمەسگە علاج يوق ،
جيگەن ، چاڭ ليدين قوقتى .

سيپبيل سوقو اتقان خلقنىڭ موڭلوق
ناخشيلرينى آڭلاب وە تارتيواتقان ايغر
چيلقليرينى كوروب خيپالغا چوموب كەتتم .
اوتموشتن تارتيب شرقى توركستاننىڭ
هر ـ بر شهرلريگە، خطاى استبداد حاكم
ميتى موندق سيپبيللارنى يوزلەب ـ
يوزلەب يەرلك خلققە، سالدورغان ايدى .
سيپبيل سوقغان ، اوستەڭ چاپقان بيچارە
خلقيمزنىڭ عجايب فاجعەلك خاطرەلرى
تاريخيمز دا توروغون . مينىڭ كوز آلديە-
دين بيقندا اوتكەن بر واقيعەگەو دي-
لەنگيلى باشليدى ، اوموندق اوتكەن
ايدى .

1942 - يلى آلدامچى شڭشى سەى
جنوبى شرقى توركستاندين 40,000

ياش ييگتنى «سيلارنى اوقوتيمز» دەب
آلداب اوروم چيگە ايليب كەلگەن ايدى .
مەن بولارنىڭ احوالينى شو وقتدا كور
گەن ايديم . اولاردين بر قانچيسى اوروم-
چيگە كەلگيچە آچلقدين اولگەن ايدى .
اوروم چيگە كەلگەندين كيين اولارغا كونيد-
گە بريلاندين باشقا هيچ نرسە بەرميگەن،
شونوڭ اوچون اولار آچلقدين يتيديغان
اورون يوق سوغاقدا موزلاب توروك
كيسەللرگە گرفتار بولوب ، اولوب كەت-
كەن ايدى . حيات قالغانلرى قولدارچيلق
تاريخيديكى قولار دينمو يامان كونـدە
اشلىدى . ايچكى خطايدين ايلب چقب
شرقى توركستانغا بەر لەشتوروالگوسى
خطايلارغا سولوق يەر تەييارلاش اوچون
بو بيچارە قبرنداشلريمز قش كونلرى
ايك قاتتق سوغوقلاردا بيلچە سوايچيدە
لوم توتوپ تاش چاپدى . بو وقتدا پوت
قوللرى ارششب كەتكەنلرى وە سوغوقدا
توڭلاب اولوب كەتكەنلرى نهايتى تولا .
بو بيچارەلارنىڭ بعضيلرى خوتونلرينى
برگە ايلب چققان ايكەن . بولارغا خطاى
باندتاگيلرى مجبورى زورلوق قـايب ،
ناموسلريغا تەككەن ، اون چقارغان اولاريـ
نى اوروب حقارەت ليگەن ، شونداق قليب
بولارنىڭ 20.000 دين آرتوغراغى اولوب
توگيگان ايدى . بو فاجيعەليك واقعەلرمو
مەن كوروواتقان سيپبيل واقعە سيگەوخـ-

شاش كوز آلدىمەدىن گەو دېلىنب
اونتى .

مەن يەنە قزىقى بر واقعەنى كور-
دوم . جادىگەر خطاى مككارلرى يافيغا
سوقولغان سېپىلنىك ىچىگە بردانە چوك
كوزا كومگەنلىگى معلوم بولدى . بو -
توغورلوق اشلەمچىلەر آرسىدا : «خطاي-
لار كوزا ىچىگە بلەلما تارىخى حجط
قلىب برقانچە خطايچە خطلرنى سالغان»
دېيىشىدىر . بوابنى خيانت بولساكيرەك .
برآز زاماندىن كيىن خطاى صياحتچيلرى
كيلىب بو كوزىنى تاپقان بولوب ، اونوڭ-
ىدىكى ساختا فاكتلار بلەن بوبەر خطاينىڭ
يېرى ايكەنلىگىنى دوامەقچى بولساكيە-
رەك . بو كولكولوك حركتنىڭ واقيعيسىنى
كەلگوسىدە كورەمز .

قسقيسى آلتە شەهر خلقى بوواقعە -
لارغا كەلگەندە شونچە خارلانغانكى : خطاى
مللىتىنىڭ يوزيگە ايشلىگرەك قارالمايدى-
غان بولوب قالدى . مەن پوتوم امضا
لينب برنەچچە آى اوكەندىمو نېخى فەش-
قەردە ايدىم . خلق پوتومدىن : «حرك-
ر كىنلىكنى تاپىمز» دەب خرسەند بولغان
بولسىمو ، خطاى عكس الحركتچى منصب-
دارلرى پوتومنى حيلە قلەلدىن ، عك-
سيچە اشلەب تورغانلىغىنى جنوبى شرقى
توركستان خلقى كوروب ، يانىمو كوپ -
رەك معيوسلاندى . مەن پوتومدىن كيە-
ينكى جنوبى شرقى توركستان خلقىنىڭ

بنە : اركين نەفس آلالمىغانلىغىنى كور-
دوم . اونوڭ اوچون خطاى عملدارلرى
بلەن يەرلك خلق اوتتورسىدىكى منا
سيبتنىڭ يەنە قانداق احولدا ايكەنلىگىنى
كورسوتوديغان آددى واقعەلردين برنەچ-
چىينى كەلتوروب اوتەكچى مەن :

بر كونى عيدكارد كيتب بارغيد -
نيمدا تويوقسز 2 پاى اوق آوازى چقدى .
مەن اويەرگە بيريپ برقانچە كشيلرنىڭ
توپلاشقانلىغىنى كوردوم ، آريدا براوي -
غور دوكانداريني بر ساتچى ىبر فقرا
خطاى غضب قليب تللا وانيدو . بردەمدىن
كيين كوپچولوك خلق فقرا خطاينى
آريغا ايلب جومن يومن (والى) ادارەسيگە
باشلاب ماگدى . مەن آريدا تونوش بر
آدەمدين واقعەنى سورغان ايديم . اوكشى :
«بو فقرا خطاى سوديگەرنىڭ دوكانيغا
كيليب ، ياردەن (لەستك) نىڭ گيزى قانچە
ديگەن ايكەن ، دوكاندار 300 دوللار دەپتو .
خطاى ICO دوللاردين بەرگين ديگەندە
دوكاندار : جانگودا توغرى كەلمەيدو .
ماڭا 250 دوللارغا توختايدو ، دييشى بلەن
دوكاندارنى «ساونىما» «سك كو» دەب
تللاشقا باشلاپتو . دوكاندار : سىز نيمە
اوچون تللايسيز ؟ ماڭا زيان قلسا ،
قانداق بيريمەن ، ديگەندە خطاى دوكان-
دارنىڭ يوزيگە توكوروپتو . دوكاندار
بونيمە ديگەن زورلوق ، آنداق بولسا

لاب آلەامسەن دەپ قايناواتقاننىڭ اوستىگە
جاڭسا جوينىڭ يارافلىق بر افيتسيرى كې-
لىيب قىلىدو . بو خطاى افيتسيرنىڭ بىنىد-
ەىكى ئاگۈننى ايلىيب دوكاندارنى آتىدو.
دوكاندار اپچللىك بلەن اونوڭ قولىغا اي-
سىلىيواغانلىغى اوچون كەينى _ كەينىدىن
ايتىلغان 2 پاى اوق اونوڭغا تەگمەسدىن
يەرگە كرىب كەتتى» دىدى .

مەن بو واقعەنى اوقغاندىن كىيىن
زورلوق قلغان خطاى امدى قانداق جازا
كورودىغانلىغىنى بلش اوچون جومن يومن
ادارەسىگە باردىم . جاڭ جومن يومن
اوز مللتىدىن بولغان خطاينى خالقوايد-
ەدىن آجرتىب ايلىيب ؛

_ «سلەر قايتىڭلار ! مەن بونوڭ
جازاسىنى اوزەم بېريەمەن» دەب خلقنى
بولغا سالدى . 4 كون اوتكەندىن كىيىن
بايىقى فقرا خطاينىڭ كوچىدا يىنە ارك-
لەب يورگەنلىگىنى كوردوم . فقراخطاي-
غا سىقچى ادارەنىڭ خطابى قورال بلەن
باردەم قىلغانلىغى وە برويلايتنىڭ نظارەت-
چيسى والى خطاينىڭ شونچە زوراوق قل-
غان بر آدەمگە هيچ قانداق بر جازا تارت-
قوزماى اونى حمايە قلغانلىغى ، پوتومدىن
كيينمو مونداق اشلارنى قلىش بعض
آچ كوز خطاى منصبدار لرىنىڭ هيچ تو-
زەلمەيدىغان ملتچىلىك كېسىلى وە زوميد-
گەرلىك ميجەزى ، آچ ىڧىنداريغا موش
تەگمىگىچە قالمايدىغانلىغىنى كورسەتسە
كېرەك .

يىنە برقزيق واقعە بولوب اوتتى .
پوتوم بولغاندىن كىيىن خطاى
منصبدار لرىنىڭ جبريا بىن قاتتىق قاخشىغان
خلق ، خلقنى سوييدىغان يەرلىك كيشىلەر
نىڭ رهبر بولوشىنى طلب قلشقا باشلىدى.
شونوڭ اوچون خلقنىڭ تلىگى بويىنچە
قەشقەرنىڭ والىليقىغا خلق منفعتى اوچون
قايغور دىغان بلمچان عبداكبرم خان
مخدوم تعيين قلينىب بويروق
كەلگەن ايدى. خلق بونىڭغا خو-
شال بوليواتقان بر مز گيلدە قەشقەردىكى
خطاى منصبدارلرى خەلق غيەنى يەيدى-
غان مونداق بر آدمنى ياخشى قارشى آلمى-
دى ، عكسىچە اوزىنىڭ برقانچە آبروى
قىرەەت خلق سويمەيدىغان يلاقچىلارينى
اگەشتوروب ، عبداكبرم خان مخدومگە قار-
شى پرووا كاتسيە (تذور تشويقات) گروه-
لرينى اويوشتوردى . بو وافتدا جيڭساجو-
نىڭ اشپيونلرى بوزلرىگە گريم قلىب ،
خەلقچە ياسىنىب ، كوچىلاردا نمايش اويوشت-
وردى . كيچىلرى عبدالكيرم خان مخ-
دومنى قارىلاب توراوك تشويقاتلارنى كو-
چا ، كوچىغا چاپلىدى . بو واقىتلاردا كيينون
وە متعصب عنصرلار بونارا گروهقا كېلىيب
قوشولغان ايدى . جاڭسا جوينىڭ باشلىغى
نى جوجڭ اوزينىڭ اويوشتورغان مونداق
ريئا كسيئون گروهلرينى خلق آلدىدا

چاندور ماللیغی اوچون نمایشچلارنی آزغبنده سوککەن بولدی. وبو واقعەنینک کیم طر- فیدین بولغانلیغینی ۋا پاله بو اتفاقلیغینی هو- دوقوب توروب تترەنگو بر آواز بلەن سوز- لەب اوتتی.

بورژۋا کسیتۇنلارنینک منصبدی استبدادچا کمیت منصبدارلرینینک اوز اورنیدی ساقلاب قیلیشقا قارتیلغان ایدی. شونینک او- چون بو احوالنی قدشقەر خلق عامەسی دەررو چوشونوب آلدی. بوتەنور حرکتنی خصوصا خطای استبداد منصبدارلرینینک زولومیغا کوپردک اوچریغان بزنی، کەنتلردیکی دەھ- قانلار بردینگینە قوزغولوب ریژا کسیتۇنلار نینک نمایشیغا قارشی عبدالکریم خان مخدومنی یاقلاپ نمایش بلەن جواب بەردی

بو واقتدا ریژا کسیتۇنلارنینک آرقیسیغا اوقوش مای ارگەشکەن برقانچە یاش … احوال- نی … دەرروریژا کسیتچیلەرنینک گرو- هینی تاشلاب کەتتی. ققاجکسا جوینینک جاسوسلری یالغوز قالیب خلق آلدیدا شەرمەندە بولدی. چینگجوەن بو احوالنینک کەسکینلشیب کیتیدین قورقوب عبدالکریم خان مخدومنی مکارلق بلەن حمایە قلغان و بولوب اوز اورنیدی بەرگە مجبور بولدی

بەلە بو واقعە موندلق ارتکان ایدی.

مەن اوشبو تماشا اوچون چیقیب شوبەر دیکی اویغور مکتبیگە کریب یاشلار بلەن احوالشیب اولتورغان ایدیم. توپوقسز دیین … یای

مانق آوازی چقتی. بز بو گوروشوب کوچیغا چقان ایدوق، کوچیدا بر خطای پەیجاگیغا برقانچە کشیلەرنینک یاووریوا تقانلیغینی — کوردوم. پەبجەنینک جنینینک باریچە واقیراب کیمنیدو خطایچە تللاوانیدو. اونونک آچچیغینینک یاماناليغی بلەن توروالگەن سۆرن بوزیدین جالادلق کورنوش کیلەتتی. مەن بونونک اپتیدین وە اونونک قولیدیکی ماتقدین چوچوب توپلانغان آدملرنینک برسی بلەن دەررو ایغور اوقوشەسی طرفیگە قایتیب کەتتم. یولدا کیتیب بریب یینمدیکی کیشیدین:

— بو پەیجانینک کیمگە خاپا بولیوا تیدو، دەب سوریغان ایدیم، او کشی

— بەیجەگە جاکنی قوغلاب کیلیب، بر نەچچە قیتم آتقان ایدی، خدا ساقلاب اوق تەگمەی. اوقیچیب کەتتی، — دیدی.

— نیمە اوچون آتیدو، اگر اوق تیگیب اولوب کەتسە بو خطایغا یامان بولمامدو؟

— قزیق ایکەنسز اولار بز مسلمانلارنی اولتوروب تسە جازالارتش اورنیغا بوجیدین دونکولوب، بر جایغا بارغاندا … اورنی کوتورولوب، منصبی اشیدیکەن امەسمو؛ مثلا: آسود برقانچە کشیلەرنی اولتورگەن جاوتەنجینک دیگەن جللاد ضربەر کەندە تیخب … چونک حربی باشلق ایکەن.

آنداق ایش بو قوم علارقانچە بولغان بول سیمو … قیلەیدو دەب مەن بلان بلله کیلیوا تقان کیشینی تنپلایدو ماقچی بولسەمو اونونک ماتقدیق تەگیب سیلکیوەتکەنلیکب دین آرتوق سوز قلالمی … گەبجا کدشە

وقيەمە سينى سوريغان ايدم او سوزينى داوام قيلب :

— بيقندا بر معليمە قز كوچيدا كيتب بارغاندا بوقزغا هيليقى پەيجاك زورلوق قلغان ايكەن . لەيكن قز مەن قاهيشە قلشنى خاليمايمەن قولوغنى تات ، ديسە تيخيمو كريشيب اونى سورەپتو ، آخري بوقز اونى سلكيويتب قاچقان ايكەن ، فەيجاك معليمەنى حكومەتنى تالمايدى ، ديگەن توهمەت بلەن چاقاندا ، اتيسى كونى او معليمەنى قاماقا آلغان ايكەن . محمد گەيجاك بو احوالدين خبر تيپب برنەچچە كشيلەر بلەن توپلونوب بيريب معليمەنى قاماقدين اجرتيپ آلغان ايكەن . شوندين بري فەيجاك محمد گەيجاكغا اوچ بولوب قاپتو .

2 - بوفەيجاك « آنكەزچى ليك قلدى » ديگەن بهانە بلەن بر آدەمنىڭ 300 مانارينى تارتيب آلغان ايكەن . شو واقتديمو محمد گيجاك هيليقى كشينىڭ مانارينى ايليب بەرمەكچى بولغاندا ، فەيجاك قارە بيرشنى سوريغان ايكەن . بونىڭغا محمد گيجاك قارە ايليب بيرشنى اوستيگە ايليب ، كيفل بولوب ، سوديگەرنىڭ مانارينى ايليب بەرگەندين كيين محمد گيجاك بير يلگوسى قارينى ايليب بەرمەي قيچب يورگەن ايكەن . بوگون فەيجاكغا اوچورشوب قيلب فەيجاكنىڭ تەپتيدين قورقوب قاچقاندا فەيجاك محمد گيجاكنى آتقان . بونداقلارنىڭ زولمى بزنىڭ اوستيمزدە تهايتي تولا .— دب بەدە قاپماشغا باشلايدى .

مەن تەسەللى بەرگەن بولوب او يوشميغا يوروب كريب كەتديم .

يەنە شوندا قزيق بر واقيعەنى ئوقدى كى : ييڭى والى عبدالكريم خان مخدومنىڭ ييندا خذمت قليب تورغان محمد يوسف ديگەن ييگت بر كيچيدە غايب بولوب كەتتى . بونى عبدالكريم خان مخدوم جدى ايزدەشكە كرشتى . ساقچى جوجيگى وە شەنجاڭلار ( جاڭ ليوجاڭ ، يڭ جونجاڭلار ) بركيب ايليب بو ايزدەشنىڭ آيقيني چقارماسقا تريشب كوردى . ليكين اش بلەر مەن عبدالكريم خان مخدوم شەهرديكى بتون مەقەكەشلەرنى ييغب محمد يوسف يوقالغان كيچيدە مەفەكەشلەر كمنى قەيەرگە ايليب بارغانليغى توغريسيدا سوروشتورو گەندە ، مەفەكەشلەرنىڭ برسى : « خوددى شو كيچيسى بر ييگتنى ايككى خطاي چيريگى بشيني جوگا بلەن يورگەب ييڭى شهرگە ميڭ مەقەم بلەن ايليب چقتى » ديگان معلوماتنى بەردى .

محمداي اوغورليقوچي خطاي گينيرالى ياڭ ، سرينىڭ پاش بولوشيني آڭلاب آندين والى محكيمەسيگە كيلب : « آڭلي سام سز محمد يوسفنى ايزلەوتپسز ، مەن اونى اوپالغا خذمتكە ايوەتكەن ايدم خاقا بولميسيڭز 3 كون ايچيدە تاپشوروب بەرسەم » دەيدو . ليكين اويانسز ياڭ بو دون سوروشتورگەندە بونى اوخماس كشي

بولوب آلغان ايدى. مەكەرلىك غا اوخشەش
لار، پوتونگە خيانت قىليب خلق اوتتور
سيدا تەتور تشويقات قىلش و جاسوسلوق
اشلارىنى ايليب بيريب خلقنى ئەندىشيگە
قويغان فاكتلارى تولا. بو پيتنا كەش ئون
لارغا صوفى بك حاجى. اسماعيل جان قر
بانوفلارغا اوخشاش متعصب عنصرلەر يىقىن
لدين ياردەم بيريب كەلدى. صوفى بك
حاجى، اسماعيل جان قربانوفلار اونموش
بو خطاى عكس الحركتچيلرىنىڭ آسسيميل
لاتسيه سياستيگە يىقىندين ياردەم بيريب
كەلگەن ايدى. تيخى 44 - يىلىدىلا بو
ايككى جناب اورومچيگە بيريب، قەشقەر
گىلا ايككى خطايدين چقيدىغان 30 مىڭ
خطاى مەجبۇرلرىنى اورناشتوروب بيرشـ
كە وعده بيريب كەلگەن.

يەنە بر كيچككىنە واقعە؛

مەن قەشقەردين قايتيشىمدا كورليـ
دا برنەچچە كون توروب ياشلار بلەن تو
نوشقان ايدىم. بو كيچيككىنە شەھەردىكى
اويغور ياشلرىنىڭ وطن و خلققە ولغارەجە
بيتينىڭ اوستونلىگىنى كوروب خرش بول
دوم.

بويەردىكى ياشلارنىڭ انقلابى حبسى
توغريسيدا تووەندىكى فاكت دەلىل بولا
لايدو:

46 - يىلى 9 - آيدا تارا شهر
دىكى خطاى سيجاشى كورليدىكى 2 قا
ضينى چاقريتب: «كورليغا 200 نفر
چيريك اورناشتورماقچى ايدوق، بونىڭ خه
لققه چاندوروماي سيلەر طرفدين طلب نا
مه يازسا ايدى» ديگەن. كورلينىڭ 2
قاضيسى سجاشىنىڭ سوزيدين قورققينىدين
1000 عسكر سوراب طلب نامه بەرگەن
ايكەن. بو سختا طلبدين خبرتاپقان كور
لا ياشلرى: «بو كيچيككينە شەهرگە كەل
توروالگوسى 1000 خطاى چيريكىنى كور
لا خلقى باقالمايدو هەم اولارنىڭ گوستاقلىـ
غينى كوتورەلمەيدو. قاضيلار بزنىڭ دينى
رهبرلريمز بولغينى اوچون اجتماعى، سيا
سى اشلارنىڭ هوددسيدين چقالمايدو. شو
نىڭ اوچون سزارنىڭ قاضيلاردين كورليغا
عسكر سوروتوپ آلغان ساختا طلب نامه
لرگە نارضيلق بلدوريمز. اگەرده
بزنوگعا اونبەش كورليغا يڭى عسكر
كەلتوروالسە، عسكرلريكز باش ئەگيند
لدين چقش بلەن كورلا ياشلرىنىڭ توقمـ
قيغا اوچرايدو» دەپ جواب نامه يازغان.

كورلا ياشلرىنىڭ بو كەسكين جو
اب نامەسيدين چوچوب، خطاى عسكر
لرى كەلمەگەن ايدى.

قەدىرلىك ياشلار! مەن مولدىن نر
نەچچە آى اول قەشقەر طرفينى آيلنيب
چققينىمدا، كورگەن بعضى برواقعەلرنى
سيلەرگە عاددى يوسوندا سوزلەب اوتتوم.
شونى ايتمانچيمەنكى بزنهايتى اوزاق ابزه

ئىش تارىخىغا ئىگە خەلقىمىز . بىز مەملىكەتدە
ملى آزادلىق انقلابىمىزنىڭ غايەلەرى باھەن
وطىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا خلقىمىزنىڭ خەو
پسىز ياشاشىمىزنىڭ آزادلىقغا كىرىشىچە ماندا.
شونىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك ياشلاردىن
شۇنى سورايمەنكىم : قولغا كەلگەن ھوقۇقلار
نى ھىمايە قىلىپ ، ئونىڭ توغرى ئىجراسى
غا كۆز ، قولاق بولۇپ ، بىر مىنۇتمۇ وە
طەن و خەلقنى ، پارلاق غەلىبىمىزنى ئىس
دىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك .

ئادەم

---

# جاسۇسلارغا

جولداشلار !
كەچەگى فاشىست دۈشمەن ژالىگى ئالمان
جاسۇس و تارشىلدار تاپالمىدى ، بىز شەرقىي
تۈركىستان خەلقىنى كۆرمەدۈك . بىز
شەكىچەن ئازاب ، بىز تارتقان كەيىس
قالدىمىسرا . ئەسىرلەردە بىز جاسۇسلارنىڭ
[illegible] لار [illegible] جاۋلان قىلغىمىز
بەلكى بىر كە مادەنى يشرۇۋاشلىق قالاۋ –
مەن سايىسى جۈيىكەنۈۋدىك سالغان
جانشىلغان دۈشمەنلەرنىڭ قوۋانىمەن وە
تۈرگۈزمەك ، ئانىنىڭ دەممەن تىرشىلىك
دۈنياسىدىن ۋەتىنىمىزنى كەلدىك ؟ جانە
نەنىڭ ئاسىرلىرىدىن [illegible] ئۆز وەتەنىدى
ئۆزارىپ [illegible] بىردەن – بىر تۈۋرا
جواب تۆككەردىس [illegible] بالالدىق ؟
ئەپىنە ئەزىپ بولسادا دۈنياگە قارى
بىلگۈمەن [illegible] سەرىنداۋ گەلە قاراپ
ونىڭ ئادەتەرىن تۈرمىسىنە [illegible]
ئالۋۇجۇلىن سەزگىندىگىمىزدىن ، بىزۋتە
رۇختى بولدىق . سۇنداقتان ئادەمنىڭ جارى
سۈمپايى وتارشىلدار بىزدى [illegible]
قىيناپ [illegible]
قاتشىلىق [illegible] ونىڭ
بارىن تەك [illegible] نەگەزگى تۈۋرا
كۆز قاراس [illegible]

سابا قىتارى [illegible] بىلدىك ئاقۋىنىدا يول
تۈۋا كۆز قاراستى [illegible] – قىتاي العاز –
[illegible] بىزدىن ، بۈگۈنكى بولەركىن دەم
الان [illegible] . [illegible]
بىزگەنى كۆرسەتتى ؟
دۈشمەن ، سول ساتقان كۆز قاراسى –
مىزدىك بىزنى بۈگۈن بىرىدا باقىتتى ۋە مەر-
گە بېلجىنباي [illegible] كۆرسە –
تەدى . ئەندى بىز نە قىلۋۇدىمىز كەرەك ؟
ئەپىنە بوزىلۇخ مەزدى سول تۈۋرا بولغان
[illegible] ساغار ۋۇدىمىز كەرەك .
بۇلمىندەتى ئىدا – ساتقان جاسۇسلار
[illegible] جايلار [illegible] ، الامز .
[illegible] كۆپتەك بولغۇۋا نەگىزگى
تاربىيە بولۇش كەرەكدى [illegible]
[illegible] .
[illegible] جاسۇسلارنىڭ [illegible]
ئەرمان [illegible] ئۆيىم .
[illegible] جاسۇسلار [illegible]
[illegible] شەرقىي
تۈركىستان [illegible] ولاردى ، [illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

ىدىگەندەيىنا كەتەلەمەك .

قوش ئىبىز جوغارىدا ئىزىلگەنىمىز دىكىدە ، ئىش — نوعەمىزدىكىدا تارتقان ئازاب كورگەن قورلىقلارىمىزدىكىدا ئىبىز دۈشمەننىڭ سابانقاتا بولۇپ قالغۇڭنا تە— گىزگى تۈۋرا كوزقاراس ۋلكەنجاردەمشى بولىدىدەدىك . جانەونى بۇدانبىلاي جالپىد— لاي سىگىرۋىمىز كەرەك دەدىك . ئالەندى ئەكەرەكنى » ئىس جۈزىندە قالاي كورسەتە الامىز . ئەڭمەنى ۋەسىعان بۇرالىق ، بۇل ۋشىن زىنقى ئىزدەمىزگە ئىبىر كوزسالىپ ۋتۈۋگە تۈۋرا كەلەدى .

قازىر ئىبىز بارلىق جاسنارىمىزدى ئالىپ قاراپ ئىپىرەل ۋزگەرىسىنەن بۇرىنەىجاس— تارىمىزدى جانەلىپ ئەكىجان سالىسىنىرا كەلسەك سۆزسىز قازىر ئىبىزدە جەتەرلىك بولمىسادا ، ۋقىمىدارلارىمىزدىڭ سانى ئىپىرەلدەن بۇرىنغىعا قاراعاندا اجەپتۈر مول بولىپ شەدى . بۇنىڭسەبەبى تۈرافسىز شىڭ— شى — سايدىڭ الەشقى داۋىرلەرىندەگى زداپ بەرگەن مادەنىي ئىركىندىگىنىڭ پايداسى ئەكەندىگىندە جاسىرمايمىز اماك نەسۇل بىيىنىشا كەتەبەرگەنىمىزدە بۇل كۈندەردە ئوزقالغەنىمىزدان ئىشكاعان بولماسادا جۈزدەگەنلەۋلى كەدىرلەر جەتىسىپ شىققان بولارەدى . بۇل ئىبىزدىڭ جۈرەگىمىزگە دىق بوپ جاپسقان ارمان . ئىبىزەندى ۋسى ارمانعا جەتۈۋدىڭ جولدارىن ئىزدەپ تا— بۇۋىمىز كەرەك . ۋنى تابۇۋدىڭ جولدىن ۋسىنارتىپ كورسەتۈۋ ۋشىن تومەندە— گىشەتارمافتاپ كورسەتكەن ماقۇل .

1 . بالقىنى ئىۋمىرگە بۈتكىل قاعقىنى جەتكىزۈۋ جولىندا ئەتكەك كورسەتەنىنۋدىڭ رشىندە جاسنارعا تونەتشە قامقورلىق سىلىپ ۋلاردى تۈۋرا تارىبىيەلەيتەن « تونىكەرىس . شىدجاسنار ۋيەمىنىڭ » ايتالاسنا تىعىز ۋيىسالىق .

2 . بۇلۋيەمىنىڭ ۋسىرولدى تولىق انقارىپ كەتە بەرۋۋى ۋشىن بار— لىق سانالىلار بەلسەنە كىرىسىپ ئەتكەك كورسەتەلىك .

ب . ت .

# اويغور تاريخي وه اولارنڭ تلي توغريسيدا قسقيچه معلومات

( بيشى 1 — سانيدا )

## 2 — اويغور تلي

اويغور تلينڭ تاريخي مقدم ، اور ني كهلڭ بولسيمو ، خطاي باسقونچيلري نڭ استبدادي آرقيسيدا اويغور خلقينڭ بشيغا چوشكن اغر اجتماعي شرائطلر اونوڭ بولمشي كيسيپ كيينكي ترقياتيدين .. ردوم قالدي .

اويغورلار بودا دينيديكي واقتلاريدا

ئل . ادبياتيني لهجهسي كوچلهنمور گين ، اويغور خلقينڭ قديمكي ادبياتينڭ كوچ بيشيگه اساسي سبب ، الفبا مسئلهسينڭ بار لغيدن بولدي . بو توغورلوق ايلمينسكي « اويغورلارنڭ قديم زمانيدين تار نيب الفبا = ييزيغي بار . اورال آلتاي قبي لهلري ئوادسز ، علم — فنلدين خبرسز

بور گەندە ، ئويغورلار مەدەنى ميراسلىقخە
لق حسابلانغان . بارا — بارا ئويغور يېزى
غى منغوللارغا ئوتوب ، اسلام دينىنى قبول
قلغان كوپچولوك تورك قبيلەلرى شو دينى
تاثيرات آرقيسيدا عرب الفباسيغا كوچكەن»
دەيلەو . قديمكى ئويغور حرفينى يالغوز
منغوللار قبول قليب قالمادين ، عمومًا
تورك قبيلەلرى وشونونك بلەن منجورلار
نكمو قبول قلغانلىغى معلوم 13 - عصر
دىكى صياح روبرو كوويس : « قپچاق تلى
ننك يلدزى ئويغورچەدور » دەيدو . ليكين
بو توغورلوق بزدە يېتەرليك معلومات يوق.
بوددى مذهبيگە ايطاعت قلغوچى
ئويغورلار حاضرقى كوندەمو شرقى تور
كستاننىڭ قسمەن جايلريدا بار ايكەنلىكى
معلوم . بو توغورلوق مشهور ئويغور شوناس
تور كولوگ پروفيسور س . ى . مالوفننك
« سيريق ئويغورلاردا شامان مذهبيننك قال
دوغى » ديگەن اثريدە تولوق معلومات
بار . پروفيسور مالوف II – 1909 - يل
لرى شرقى توركستانغا بارغان چاغدا ، گانسو
ولايتيدە ... ھەم گەن -
جو شەھرى اطرافيدا يشايدىغان سيريق
ئويغورلارنى كوروب ، ئولارننك عرف -
عادت ، تورموش — حالرينى ھەم شيوە
تللرينى تكشوروب تاپشقا موفق بول-
غان .

پروفيسور مالوفننك بەرگەن معلو

مانيغا قاريغاندا ، بولار قديمديكى ئويغورلار
ننك ئوروق — اولادلريدين بولوب ، ئوز
لرينى « سيريق ئويغورلار » دەب يورتيدي
كەن . ھەم كونا ديني مذهبلرى — بود
دى دينيغا اعتقاد قلبديكەن . سيريق ئوي
غورلارننك عمومى سانى ئون مڭغا يېقن دەيدو.
بولارننك ايچيدە منغوللىشىب ھەم خطايلشىب
كەتكەن قسملريمو بولسا كيرەك . سيريق
ئويغورلارننك آساسى كسبى چارواچيلقدين
عبارەت بولوب ، تل يەقيدين كوپچولوك
مسلمان ئويغورلاريدين قطعيا آيريليدو .
چونكى سيريق ئويغورلار اسلام مدنيتيننك
تاثيريني كورميگەن شونونك ئوچون ئولار
ننك جانلق تللريدا عرب ، يېكى فارس
سوزلرى ئوچرايديدو . ھەم ئولارننك تايغا
كريب ارلاشكەن خطاينك بعض بر معموري
يتلىك آتالغولرى بلەن دينى بوددى آتالغو
لرينى اعتبارغا آلميغاندا ، ئولار ئوز آنا تليا
ننك خصوصيتينى ساقلاب قالغان .

ئويغورلار بوددا دينيغا اعتقاد قليد
ۋاتقان ۋاقتلاردا خطاى صياحتچيسى ۋاڭ
يەندى بەش بالق اطرافيديكى ئويغوربەر
لريگە صياحت قليب كيليب ئويغورلار
ادبياتيدا ئوز الفباسيننك اشلينيواتقانليغىنى
كورگەن . ئو ، شو ۋاقتدا « ئويغورلار آر
سيدا شعر ، اخلاق ھەم تاريخ ، فلسفە
گە ئائيد كيتابلار بار . بالالرنى ئوقو-
تۇش ئوچون خزينە حسابيغا معلملەر بەلگو
لانگەن . ھەممىسى ئويغورچە ادبيات ئوقويد
دو . ئويغورلار شعر يېزىشقا ھەوەسكار اي
كەن ، ئولار ئوز خطينى ادبياتدا كەڭ قول
لونۇش بلەن ايدارە اشلرى ئوچونمو اشلەي
تيدو . راھبلارننك قوليدا ئويغورچە يېزا

غان کتابلار کوب ایکەن دیگەن . کونا خطای
تاریخچیلاری اویغور تاریخی کتابلریدین کوب
گەپلەرنی کوچوروب آلانی . ایران تاریخ
چیسی رشید الدین توزوك نوملریغا عائید
تاریخ یازغان چاغلریدا اویغورلارنڭ تاریخی
اثرلاریدین خایلی زور فایدیلانغان . یەنە
ایران تاریخچیسی جوینی جهان گوشای
دیگەن اثریدە : « اسلی اویغورلار حقیدی
کی سوزلەرنی اولارنڭ ( اویغورلارنڭ )
اوز تاریخلریدین آلدیم . » دیگەن ایدی .

خطایلارنڭ یوآن صلالەسی دەوریدە
بوددی مذهبیدیکی خطای هەم تبت کـ
تابلرینی کشوروب چقش کیرەك بولغاندا ،
اویغور عالملرینی چاقرغانلغینی خطای مو
ئەرریخلاری اثبات قلغان . چونکی بوواقت
لاردا اویغورلاردا نهایت بای کتاب خانلار
بارایدی . لیکین اویغورلارنڭ بو تاریخی
کتابلری قنداق حاللاردا قیلیب کەتکەنلی
کی توغریسیدا معلوم تلار آز .

اما اویغورلارنڭ بوددیزیم دەوریدین قال
غان بعضی کتابلری بارلیغی معلوم .
اولاردین اویغورلارنڭ اسلام مدنیتیگیچە
بولغان بوددی مضمونیدیکی اڭ قدیمکی
وە علمی اهمیتلیك اثرلارینڭ بری « آ
لتون یوروق » قول یازمیسی . بو قول
یازمیسینی 1909 - 1911 - یللاری
پروفیسور مالوف شرقی تورکستان بلان
گانسو ویلایتلریگە علمی ایکسپیدیتسیدە
گە بارغاندا تاپقان هەم 1913 - یلی
مشهور موستشرق رادلوف بلان بر-
لکدە بیریب چقارغان . ایریم جازی
1930 - یلی پروفیسور مالوفنڭ روسچە یاز-
غان سوز بیشی بلان نمونچە بیسالغان .

س . یە . مالوفنڭ معلوماتی بویچە
« آلتون یوروق » نڭ اویغورچە ترجیـ
مەسی تخمینا 10 - عصردە خطای تلید
دین بش بالق شهریدە سینگقو توتونـ
گو دیگەن اویغور طرفیدین ترجمە
قلنغان ایکەن .

اویغورلارنڭ اسلام مدنیتیگیچە دەوریدین
قالغان کوب اثرلارنڭ ایچیدە اڭ قدیمکی
اثر « قوتادغو بیلیك » داستانی . « قو
تادغو بیلیك » 1069 - یلی قەشقەردە
بالاساغونلوق یوسف دیگەن کشی طر
فیدین یوتولگەن ، شکلی جهتیدین فر
دوسی نڭ « شاهنامە » سیگە تقلید اسا
سیدا یزلغان دیداکتیك - ادب . اخلاق
توغورلوق داستان ، مذکور داستاننی
یوسف ، قەشقەر خانی سلطان سوتوق
بوغراخانغا تقدیم قلیب توتقاندا ، بوغ
راخان یوسفکە « خاص حاجیب » دیگەن
منصب - آتاق بەرگەن دیبشیدو « قو
تادغوبیلیك » نڭ دەسلەب قانداق حرف بلان
یزیلغینی بزگە نا معلوم . اما ، کیـ
ین اویغورچە حرفلەر بلان کوچورول
گەنلیگی اینق .

داستاننڭ حاضرغا بزگه معلوم اوچ
نسخەسی بار . برنچی نسخەسی - وینا
شهربدە . بو نسخەسی اویغورچه حرف-
لەر بلەن یېزلغان بولوپ ، هراتدین
آلدورولغان . ایککینچی نسخەسی عربچه
حرفلەر بلەن یېزلغان ، قاهرەدە . اوچنـ-
چی نسخەسی — تاشکندده . بومو عرب-
چه حرفلەر بلەن یېزلغان بولوپ حاضر-
قی اوزبەکستان جمهوریتینڭ نەمنگان
شهریدین آلدورولغان .

«قوتادغوبیلك»دین باشقا 11 - عصر
گە تەئەللوق اثرلرنڭ برسی محمود
قەشقەرینڭ مشهور «دیوان لوغات تورکی»
بو اثر اویغور ادبی تلینڭ عمومی آساسینی
سېلیشدا هم اویغورلارنڭ كوب عصر
لیك تاریخینی تکلەشدە چوڭ مدنی میراث
بولوب خزمت قلیدو . اونڭ محرری
محمود قەشقەری بولوب اوز زمانیسیدا تل،
تاریخ عمیدین خبردار چوڭ عالم کشی
بولغان. پروفیسور مالوفنڭ ایتیشیغا قاریغان
دا ، «دیوان لوغات تورکی» دە قەشقەر
اویغورلاری تلینڭ تولوق گراماتیکیسی
بېرلگەن هم باشقا تورك تللرینڭ شیوه
آیریمیلقلری توغورلوق محررنڭ علاحیده
عادی ملاحظەلری كورسەتولگەن .

محمود قەشقەری تورك تللرینڭ شیوه
بریبیلملرینی كورسەتیش اوچون اوچ
یوزدن آرتوق شعری مصرعلارنی هم
شو فتارلق خلق مقاللری بلەن تمثیل
لرینی ایشلەتکەن . هر بر کورسەتولگەن
مثالغا اوچوق معنا بېریب آسانلیق ترجیم
ه قلیب چقغان .

اویغور تلی هم ادبیاتینڭ نقطەء نظرید-
ن قاریغاندا «دیوان لوغات تورکی»
دە بزنی تولاراق قزقتوریدیغان مسئله
اویغور یېزقلری مسئلەسی . بو مسئله
موشو کونگیچه کنڭ تەکشورلوب ، مط
بوعات میدانیغا چقمیغان .

13 - عصردە میدانغا کەلگەن «حیبت ال
حقایق» وە فارس تلیدین اویغور تلیغا
ترجیمه قلینپ قدیمکی اویغور حرفی بلەن
هراتدا کوچورولگەن «بختیار نامه»
بنه ساف اویغور تلی وە اویغور حرفی
بلەن یېزلغان «تذکرة الاولیا» ،
«معراج نامه» اسملیك اثرلرنی قوشساق
اویغور الفباسیدا تورغون اثرلرنڭ
حکم سورگەنلیگینی اثباتلایمز .

موندین باشقا اویغور یېزغینڭ دولت
ایشلریدە اشلەتلگەنلیگینی تورلوك فاکت
لاردین کوریمز .

1934 یلی ق. ساتبایوف اولوغ تاغدین
( قزاقستاندا ) 30 کیلومیتر نېری
آلتون چوقا دیگان یەردین قدیمکی اویغور-
چه حرف بلەن خط یېزلغان تاش تاپقان.
اونو کدا : 1390 - یلی توختامش خان
اوستیدین غلبه قازانغان تومور قوتلوق
«سلطان توران تومور بك ایکی یوز

مىڭ لەشكەر بىلەن . . . توختامىش خانغا
قارشى چىقتى .. » دەپ بولغان بر ۋقعە
نى يېزىپ قالدورغان . تومور قوتلوق
1379 - يىلى رەسمى قغز ياراقلىرىنى
قدىمكى اويغور الفباسىدا يازغان .

15 - عصر ئەنجانداسلطان بابورنىڭ
آنىسى ئومەر شەيخ چقارغان يارلقلىرى
اويغور يېزىغىدا بولغان . آلتون اوردا
دەورىدىكى عەمەلدارلار نىڭ ياراقلىرىمو اوي
غور يېزىغىدا يېزىلغان . قدىمكى يەتتە-
سو آقچيارىدىمو اويغور يېزقلرى تېپىلىد
ىدو .

اويغورلارنىڭ اوز دەورىدە طرافىدىكى
خەلقلەرگە نسبتاً مدنى تاە ثيراتىنىڭ
قانچىلىك كوچلوك بولغانلىقىنى شونوڭ
دىن بايقاشقە بولىدىكى . حتى اويغور
يېرىنى منغوللار بېسىپ آلغاندىن كېينمو
ولار اويغور مدنىيتىنىڭ ياردىمىسز اش
بور گوزوش امكانىيتىگە ايگە بولالمىغان .
تارىخى حجتلارگە قارىغاندا ، چىنگزخان
زامانىدىكى منغوللارنىڭ مدنىدەرجىسى
اويغورلاردىن تووەن بولغاشقا .موغوللار
اويغور الفباسىنى تولوق قبول قلىپ ،
يارلقلارنى ايغور خطى بىلەن چقارغان .
عەمەلدارلىق اشلرىغىمو كوپرەك كاتىپلىرنى
اويغورلاردىن قويغان . چىنگز خان اوز
باللرىنى وە منغول كاتىپلىرىنىڭ باللرىنى
ويغورچە اوقوتقان . بعضى تارىخچىلار نىڭ
كورسوتىشىچە : « چىنگز باللرىنى اويغور
چە اوقوتقان تاتاتونغو اسملىك بر اويغور
عالىمى ايدى ، چىنگز نىڭ ايك چوڭ اوردا
بېگىمو اويغور بولغان » دەيدو .

اويغورلار تورك تلى هم ادبياتىغا كوب
خزمت كورستكەن . اويغورلار اوز
زامانىدا تورك قومى ايچىدە قووەتلىك
وە مدنىيتلىك خەلق بولغىنى اوچون اولار
نىڭ تللرى كوب آيماقلار نىڭ ادبى تلى
بولوپ خزمت قلدى . اويغور لا نا
او خون دەرياسى بويىدىن قوقندگە قدر
تل هم ادبيات ساھەسىدا مهم اورونني تو-
توب كەلدى . اويغورلارنىڭ قەدىمكى حر
فى غربى توركستاندا 14 - 15 -
عصر گېچە حكوم سورگەن .

ايغورلارنىڭ كونا خط سورەتلرى قدش
قەر ، تورپان ، كوچارلاردىن [illegible]
صاباخچىلرى آرقيلىق تېپىلىب حاضر ياورو
پا كتابخانالرىدا ساقلانموقدا .

1914-15 - يىللرى اولدىنبورگ صيا-
حتى بىلەن 13 - عصردە يېزىلغان «اويغور
چە حقوق » حجتلىرىنى تاپقان . وە
شوۋقتدا قاتارق تاختايغا اويۇلغان 20 دانە حرف
تاپقان . او : « بو حرفلار 8 عصرگە
عائىد بولسا ، اويغورلار برنچى قېتىم
كتاب بېسىشنى تاپقان بولاتتى » ديگەن .
معلوف «تاختايدىكى حرفلار اويغور
لارنىڭ بولوپ ، او 17 عصر گېچە
بولغان .. » دېدو.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېقندا روستوف شەربدە برقانچە
اوبغورچە يېزلغان يارلقلار تېپلغان .

شرقشو ناسلار اويغور الفباسى تو -
غورسيدا برنەچچە خل فكر يور گوزيدو ،
اويغورلار اوزبنك قديمكى الفبا سينى
سېريەلك نەستور خلقيدىن اوگەندى ،-
ديگوچيلر بار . وە بەضيلار ، اورخون
يەنيسەى الفباسينى اوزگەرتكەن دەيدو ،
اولار كونا مازارلارديكى اورخون يېزيغى
شونوڭغا اثبات دەب كورسوتيدو . بر
قانچيسى 5 - 6 - عصرلاردە زەرەفشان ،
قەشقەر دەريا بويلريدا ياشيغان سوغدييە
الفباسى ايكەنلىگينى تصديقلەيدو .

موللير ، 1914 - 15 يللرى شرقى
توركستان وە خطايغا صياحت قليب ،
سوغدييە يېزيغينى تاپقان گوبربت گو
تيبى نڭ مانير ياللريغا اساسلنيب ، 1923-
يلى « سوغدييە تلينڭ پونيتيكاسى »
ناملق كتابينى يازغان . او ، اثرينڭ سوز
بېشيدا : « اويغورلارنڭ يېزيغى ـ سوغ-
دييە الفبا سينڭ قسقارتلغان وە موافق -
لاشتو رولغان باشقا تورى » دەپ يازيدو .

قديمديكى اويغور حرفى 23 دانە
اوب ، سوزغا حرفلار 8 دين عبارت .
بولار

ئا ( A ) ، ئە ( Ə ) ، او ، ( O )
او ( ) . اۇ ( Y ) ، او ( Θ ) ، ئۆ
( i ) ، ي ( e ) ، بو 8 تاووش ايتيلد-
غاندا 5 حرف بلەنلا كور سوتولگەن .

حرف آز بولغانلقتا جاراڭلق وە جاراڭسز
تاووشلار آجرتيلميغان .

مثلا : ب ـ پ حرفلرى اوچون
( ) ، ز - س حرفلر اوچون ( )
ق ـ غ حرفلرى اوچون ( ) ، گ ـ
ك حرفلر اوچون ( ) حرفلر يېنى
اشلنب :

باروب - پاروپ
آزون - آسون
تورلوك - دورلوك
كيچك - گيچك دەب او -
قويلدو .

قديمكى اويغور حرفى زامانيسينڭ
ايك يېڭنڭ وە اشلېتشكە اوڭايلىق بېرى -
لديغان حرف بولوب سانالغان . شونوڭ
بلەن بللە اويغور تيلى گوزەل وە كو -
چەيگەن تل بولغان ايدى . بونوغورلوق
اوزبەك خلقينڭ اولوغ شاعرى على شير
ناوايى يازغان برمخصوص ناميسيدا اويغور
يېزيقينڭ ايك چيرايلق وە توناملق يېزيق
ايكەنلىگينى ايتب اوتكەن . شونوڭغا
اوخشاشلا مەشهور قازاق شاعرى آباى ،
اوزينڭ حكمەتلك سوزلرينڭ بريدە اوي -
غورلار حكوم سورگەن دەورنى تل ، اد-
بيياتنڭ چيچەك آتقان دەورى دەب آتايدو .
يەنە ايران تاريخچيسى جوەينى « تاريخى
جهان گوشەى » اثريدە : « هممە آدم
علم - فەن بلەن مشغول بولوشنڭ ور-
نيغا اويغور تلى هم يېزيغى بلەن مشغول

بولوپ كېتىپ باريدو»، دەب دعواقلغان ايدى.
14 - عصر نىڭ باشلىرىدا ايرانلىق شىد-
عالىمدىكى كوچمەن قبىلىلەر آرىسىدا ع-
رەب الفباسىغا قارىغاندا ، اويغور الفبا-
سى كوبرەك اشلىتىلگەن .

اويغور خلقىنىڭ تارىخى وە ادبىيا-
تىنى بىلەرلىك دەرىجىدە تەكشۇرۇپ، علمى
آساسدا مىدانغا قويۇش ايشى تېخى عملگە
بىنى يوق .

19 - عصرنىڭ 80 - يىللىرىدىن
باشلاب ياۋروپالقلار ، خصوصاً انگلىيە
بىلەن چاروسىيەنىڭ شرقى توركستانغا نسبتاً
توتقان مستملىكىچىلىك سىياسىتى آستىدا
بر - برى بىلەن قارمو - قارشىلىقى بولوب،
شرقى توركستاننى تەكشۇرۇش ايشى
ابايىب بىريلغان . شونىڭ اوچون شرقى
توركستاننى اوگنىش كوپرەك جهتدىن
چاروسىيە وە انگلىيەنىڭ مستملىكىچىلىك سىيا-
ستىنى اشقا اشۇرۇشدىن عبارت ايدى ،
يعنى روسىيە دىكى اوكتەبر انقلابى بىغىچە
روس تلىدا بىسىلغان ھم يىزىلغان وە باش-
قا تللاردىن تەرجىمە قلنغان كتاب وە -
مقالىلار بولوب ، 2000 غا يىقىن اثرنىڭ
سىياسى خراكتىرى شونى كورسوتىدو .
لىكىن شونى اونوتماسلىق كىرەككى :
روسىيە اوكتەبر اجتماعى انقلابى بىغىچە
شرقى توركستاننى تەكشۇرگوچى روس-
يەدىكى عالملارنىڭ آيرىم قسمى پادشاھلق-
نىڭ قارام سىياستىدىن كورە ، عصرلر

بوۋى قوللوقدا ياتقان خلقلرگه ، شو
جوملىدىن اويغور خلقىگه علاحىدە مىھرى
باغچىلىق بىلەن علاقە باغلىدى . اولار
ماباى شرقى توركستاندىكى ، مىل
روس يېرىدىكى بولسون اويغور خلقىنىڭ
ايچكى سىياسى ھم مدنى تورموشلر
بىلەن يىقىندىن توتوشتى . مثلاً : رادلو
كاتانوف ، مالوف ، چوقان وەلىخانوف ، پرژېو
لىسكى وە باشقا شولارغا اوخشاش علىملا
اويغور خلقىغه برادەرلىك محبت باغلا
ولارنىڭ مدنى مىراثلىرىنى حقيقتاً ھمى
ايگە ئەرسىدەب بلدى . شوڭلاشقا اولار
نامى اويغور خلقىنىڭ تارىخىنى ، تل-
اتىنى تەكشۇرمەدە ھر قاچان ھورمت
اورن توتىدور .

اوتكەن عصرنىڭ 60 - يىللىرى رو
عالىمى آكادېمىك رادلوف ايلى اويغور
نىڭ تل ، شىۋە خصوصىيتلرىنى تەك
روب ، يىققان ماتىرياللرىنى « شىما
توركى قبىلىلەرى خلق ادبىياتىنىڭ نامونىلر
( 4 - بولوم تارانچى تلى 1886 - يىل)
نامىلان بىسىب چقرىدو . رادلوفنىڭ بو
يىللىرى كېيىن اونىڭ تحريرى بىلەن چقق
موكەممەل اوغەنكىمو كوريلدو . رادلو
ايلگىرى اويغور تلى بىلەن مشغول بو
كشى قازان اونىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېس
ايامېنسكى . او وە تورك تاتار تلى
مقرەمسوز « علمى زاپسكىلار » 1861
يىل ، 3 بولوم ) دىگەن اثرىدە قاشقار-
سى توغورلوق بىرىنچى قېتىم علمى ملا

...بور كوزگەن هەم اويغور تلينىڭ باشقه — تورك تللاريغه نسبەتا شيوه آيريمىلىقلارىنى ...ده كشورگەن.

اونكەن عصرنىڭ 80-يىللارى اويغور تلينى اوگونوش ايشى جانلينىشقا باشلادى. بو وقتلار ...يەنە سو گينىرال - گوبيرناتور - ...نىڭ بيۋاسىتە ئوغۇچىلارى بولومىنىڭ ...لىنگ ن.ف. پانتوسوفنىڭ يىغقان ماتېري- ...يالارى بيسىلىشقا باشلادى. اونىڭ تحريرى ...بىلەن «كتاب الغات دەرملك چين» (قا- ...زان 1880-يىلى هەم 2-بولومى قازاندا - 1881 يىلى)، «تاريخى امنيه» وە «تارانچى ...لارى» (1890-يىل) «ايلى ۋىلايىتىدىكى ...چىلارنىڭ تىلىنى اوگونوش اوچون مو- ...لار» (تونقوز ريساله 1897 - هەم 19... - يىللىرى قازاندا بيسىلغان) هەم ...چى خەلق ادبياتىنىڭ نەمونىلىرى» (قازان- 1909-يىلى) دىگەن كتابلار بيسىلىپ ... . بو كتابلار اويغور تاريخى وە تىل ادبييا... ...غوراوق غايەت دەرىجىدە كوپ ماتېري... ...نىڭ بوزدىن برقسمىنى تشكيل قلىدۇ ...بيكىن اهميتى جهتدين موشو كون- ...نمنكه ايگه.

اويغورتلى هەم يىزيقى توغوراوق ...معلومات بەرگەن كشينىڭ برى ...ور ن.ف. كاتانوف. اونىڭ ...-يىلى بيسىلغان «ن. ف. كا... ...سىبىرىدىن شرقى تورکستانغا ...» دىگەن اثرىدە اويغور تلىنىڭ فو... خصوصيەتلىرىنى انىق كورسىتىپ اوتىدو.

روسيەدىكى اوكتەبر سوتسيالىست انقلابىغىچە و اونىڭدىن كيينمو اويغورتلى اوستىدە تنماي ايشلەپ كيلىۋاتقان روس عالى- ملارىنىڭ يەنە برسى س. ي. مالوف (حاضر س س س ر فەنلەر آكادېمىيەسىنىڭ اعضا كوررېسپوندېنتى). پروفېسسور مالوف شر- قى تورکستان اويغورلارى آرىسىغا كوپ ايكسپېدىتسىيە بىلەن بىرىپ، ئويغورتىلىنىڭ شيوه آيريمىلىقلارىنى تكشوروپ كەلگەن بولسا، ۋەندى يىڭى اويغور ادبى تلىنى رسميلەش- توروشدە علمى آساسىغا سىلىنغان باي تجر- بىسى بىلەن قاتنيشىۋاتىدو. سوۋيت اويغور لارىنىڭ تل، ايملا خصوصىدا بولغان بوتون كىڭەشمە، كونفىرېنسىيەلىرىدە مالوفنىڭ دا- كىلاد ياكى مقالىلىرى محاكيمە قىلىنىپ تور- دى. بو جهتدين اونىڭ اويغورتلى و ايملا- سىغا عائيد يازغان برقانچە مقاله و اثر- لرى علاحيده اهميەتكە ايگه. مالوف اوي- غورلارنىڭ ايچىدە يوروپ، اولارنىڭ عرف- عادەتىنى اوگونىدو. ناخشا - قوشاق، حيكايه - چوچەك، مقال - تيپىشماقلارىنى ييغىپ باستورىدو. اونىڭ تيخى بيسىلمىغان، ليكن بيسىلىشقا تيارلينىۋاتقان اويغور تلى هەم فولكلورى توغورلوق كوپ ماتېريياللارى بار. بو ماتېريياللارنىڭ ميدانغا چقيشى اوي- غور تلى و ادبياتى اوچون چوڭ يڭلىق بولماقچى. اوكتەبر انقلابىدىن كيين مسكوا هەم لېنىنگراد دىكى علمى تكشوروش تە- كىلاتلارىنىڭ تشبثى بىلەن ايشلەگەن ايشلار

آز امەس . بولارنڭ ايچيدە بولوبەو شر
قى تورکستاننی اوگونوش اينستيتوتنی طر
فيدين بيسب چقرلغان آ . ک . بورروو
کوفنڭ « اويغور تلی دەرسليگی » هەم
ناسيلوفنڭ 1940 ـ يلی چققان « اويغور
تلی گرامەاتيکيسی » نی کورسوتوشکە
بوليدو . بونوڭدين باشقاچەتئەل لوغەت
لرينڭ نشريدانی 1941 ـ يلی 12 مڭ
سوزدين عيبارەت « اويغورچە - روسچە »
لوغەت باستوروب چقاردی . لوغەتکەقوشومە
چە قليب باسکاکوف طرفيدين ييزلغان اوي
غور تليىنڭ گرامەاتيکيسی بيراگەن .
بو اوچ اثرنڭ هەممیسيلا قەشقەر شيويسيد
گە آساسليذب ييزلغان . اونوڭ اوستيگە
بعضی برپرنسيپال مسئليلەردە آيريم کام
چيلقلاری بولوشيغا قاريماسدين ، اويغور
تلی توغورلوق پراکتيکتوللانەابولالايدو .
اويغور خلقينڭ تل - ادبيات و تاري
خيىنی تکشوروشدە چوڭ امگەك قلغان عالە
لەرنڭ برسی مشهور چوقان وەليخانوف ؛
قازاق خلقيدين چققان بوصيياح عاليم و
موتەفەککورچی معناسيداويغور تاريخينڭ
علمی آساسينی سيليب بەردی . اونوڭ
« جوڭغاريەتاريخی » هەم « آلتی شهرتاريخ
چيلری » ديگەن اثرلری اويغورتاريخی تو
غورلوق ييزلغان تورغون تومليوق اثرلر
نڭ ايچيدە مسئليگە حقيقی قاراش ، چوڭ
قور اويلاش و ايزيلگەن خلققە محبت باغ
لاش بلەن قطعيا آيريليدو ، چوقان
1846 ـ يلی غولجيغا بيريب 3 آی تور

دی . کيين قەشقەردە 5 آيچە بولدی .
موشوقسقا مدەت ايچيدە او ، اويغورلارنڭ
عرف - عاديتی ، خولقی ميجەزينی ، تا
ريخ ، جغرافی احواليىنی آساسليق رەوشدە
تکشوروب اوگەندی . کيره کليك حجطلر
نی ايزنەەی ، تارتنمای علما آخونلاردين ،
ملی آزادق کورەشلريگە قاتناشقان قەش
قەر خلقيدين سوراشتوروب بلدی . شوڭ
لاشقا قەشقەر ايکسپيديتسيەسی چوقان وە
ليخانوفنی علم بالاميقيغا کوتوروب ، اونوڭ
غا اوچمەس نام بەردی .
چوقان وەليخانوف شرقی تورکس
تانغا بيرشيدين فايديلينب ، اويغورلارنڭ
تل - ادبياتی ، ناخشا - چوچەکلری هەم
موزيکا - اويون کولکيلری بلەنەو بيقن
لدين تونوشتی . عموما اويغورلارنڭ نيمە
ياخشيلق خاصيتی بولسا ، شونی بيان
قلدی . « جونغاريە تاريخی » ديگەن
اثريدە چوقان : « مەن
قەشقەرغە بارغيندا اويغور تليىنی اوگونوش
كە تريشدیم . . . مەن اوي
غور جانلق تليىنڭ قسقيچە لوغتينی
توزوپ چقديم و تورغون خلق قوشاقلری
نی ييزيب آلديم » دەپ يازيدو . چو
قان شونوڭ بلەن بللە اويغور خلقينڭ قاي
چيليك اشچان و قابليەتليك خلق ايکەنلي
گينی چوڭ اشتياق بلەن سوزلەيدو .
اويغور تلی و ادبياتی توغورلوق
ماتيريالالار ، روس تليدين باشقا غەربی
ياوروپا تليديمو تورغون . بولارنڭ ايچيدە
بولسيمو راکيتتا ، شاووەباشقيلارنڭ گرام
ماتيکيلرينی کورسوتوب اوتوشکە بوليدو .
1870 ـ يلی روبيرت شاو ديگەن
انگيليە صياحتچيسينڭ اويغور تلی گراما

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



تيكسى هەم اونوڭغا قوشومچە توزوب چىق
قان لوغيتى بيسلىب چىقتى . شاو نىڭ
بو گراممانيكسى قەشقەر شيوەسىگە آساسلان-
غان بولوب ، اوز واقتيغا ايتقاندا بەلىبق اثر
بولغان . ليكىن اويغور تلىنىڭ فونتيك خە-
سوصيتينى تكشوروب يەتميگەنلىكە گراممـا
تيكىدا جانلىق اويغور تلى عاجز اورون آلغان
بارا — بارا قەشقەردە چەت ال وە-
كالەتخانيلىرى هەم ميسسيونيرلىق بازيلرى
اوز داشقانسىرى اويغور تلى توغورلوق
بيلگيدين — ييگى ماتبريالار پەيدابولوشقا
باشلايدو . مەسىلەن : بودا پيشت ژور-
نالىدا بيسلگان گارتمانىنىڭ اثرلرى هەم
راكيتتانىڭ گراممانيكيسى وە باشقىلار .
راكيتتا 1912 - يلى بيرلىندا اويغور
تلىنىڭ پراكتيك قوللانمىسىنى بيسب چقار
دى . 1909 — يلى چقغان اونوڭ اويـ
غور تلى گراممانيكيسى بلەن قسقىچە
لوغيتى نى وە قەشقەردە يېزيپ ايلينغان
« طاهير — زوهرا » حيكايسىنى تەرجىمە
هەم اويغورچە باستوردى .

پرافيسور آلكيلى توردانغا برنەچـ
چە قيتم كيلب سياحت قيلب بيريب ،
اويغور فولكلورى ( خلق ادبياتى ) نى
بيغب باستوردى .

اويغور خلقينىڭ تل وە ادبيات باي-
لىغى بار بولغان بولسيمو ، بر نەچچە
عصردين بيرى خطاى استبداد حاكميد-
نىڭ قوللوغىدا اوز تل وە ادبياتينى
چەتلاراق حالدا يوقاتقان ايدى اويغور خل
قىنىڭ آنا — بوويلريدين ميراث بولوب
كيلىواتقان ايغز ادبياتى (خەلق ادبياتى)
نىڭ بارلىقىنى حسابقا آلميغاندا ، اوي-
غور تلىدا مطبوعاتنىڭ بولماسلىغى وە اوز
آنا تلىنى مكتبلردە اوقوماسلىغى ، اوز
دەۋلىتىنىڭ بولماسلىغى بلەن دەۋلەت اشـ
لىرىدا اوز ييرلىرىنى قوللانەسلقلرينى
اعتبارغا آلغاندا ، اويغور تل — ادبياتى
اويغور خلقى اوزى ياشيغان وطندە كوموىلدى.
نهايت 1910 - 11 يللرى غولجيدا « اي-
لى ويلايت » ناملىق اويغور تليدا گيز-
زيت چقغان بولسيمو ، براق اونوڭ اوم-
رى قسقا بولدى . خطاى تيجيمەلرى وە
بعضى قاراگروه متعصبلر بو گيزيتنىڭ
دوام ايتىشينى ياخشى كورمەى ياپتوروب
تاشلايدى .

روسيەديكى اوكتەبر اجتماعى انق-
لابيدين كيينلا س.س.س.ر ديكى اويغور
مگە كچيلرى طرفيدين اويغور ادبى تلى
مسئيليسى توپلوك رەويشدە قولغا ايلين-
دى ، شونوڭ بلەن ييگى اويغور ادبى
تلىنىڭ آساسى 1921 - يلى دين باشـ
لاپ ياركەنتدە چقغان « كەمبەغەللەر آوا-
زى » گيزيتى آرقيليق سيلىندى ، بـا-
را — بارا اويغور مطبوعاتى هەم ادبيا-
تى ترقى تاپقانسيرى ، اويغور
تلى رەسميليشب بەلگولوك بر قاعيدىگە
كريشكە باشلىدى . مثلا : « قونولوش»

( كيين « شەرق حقيقتى » بولوب چقتى)، « قزيل توغ » ، گيزيتلرى هم « ياش اويغور » ، « انقلابچى شەرق » ، « قزيل تاڭ » ، نامليرى بلەن چققان اويغورچە ژورناللار اويغور ادبى تلينى اوستوروشدە وە علمى كوچلرنى توپلاشدا چوڭ ياردەم قلدى . اويغورلاردين ييتيشكەن تل متخصصلرى طرفيدين اويغور گرامماتيكيلرى هم توغرى ييزيش قوللانميلرى توغورلوق آيريم اثرلار هم ييزيليب چقتى .

اويغور تليدا برنچى گراممانيكا 1933 - يلى تاشكندده بيسيليب چقتى . بونوڭ آفتورى دوتسينت مرحوم حسين كريمى اويغور تليننڭ علمى گراممانيكسينى اشلەش يوليدا دەستلەپكى قاعيدەلرنى بەرگەن بولسيمو ، لەيكين او - باشليغان حرمتليك اشينى آيافلاشتوراماي اولوب كەتتى .

حسين كەريمدين كيين باشقا آفتورلار طرفيدين ييزلغان تل ، وە اويغور لوغەتلرى ، اويغور سيديكى مقاله ، اثر هم مكتب گراممانيكيلرى فقط ر... ... حسين كريمنڭ آيريم كامچيلقلرينى ... والدوروش وە اونوڭ قاعيديلرينى عمالگە ... شوروش بلەن كفايلەندى . امما اويغور ... نڭ باى شيوە خصوصيتلرينى تەك ... وروب ، اونى علمى يوليغا سالغيدەك ... تيخى ميدانغا توولوق كەلمەدى .

1933 - يلقى شرقى توركستانـ ـدا بولغان آپريل انقلابيدين كيين وطنمزدە چەكلك يوسوندا بولسيمو مطبوعات اشلرى بر آز ميدانغا چققان ايدى . امما شڭ شى سەينڭ خائينانە حركتى آرقسيدا اويغور تلى يومطبوعاتلار حيمو اوزينڭ آساسى قاعيدە وە علمى كوچينى تاپالميدى .

بو وقتلاردا يەرليك خلقنڭ آنا تلى وە ملى مدەنيتى يوشوروون حالدا سقلنيب كيلگەن بولسا ، 1943 - يلى وطنميز شرقى توركستاندا گومينداڭ حاكميتى قورولوش بلەن حاكميت اوستيگە چقيب آلغان گومينداڭ ريئاكسيونرلرى آشكارە يوسوندا ملى تلميزغا قرشى ژوز قلشقا باشلىدى .

1944 - يلى نويابر ملى آزادلق انقلابيميز 3 ويلايتدە غلبە قازينيب شرقى توركستان جمهوريت وقتلق حكومتى قورولوشى بلەن تلڭ مطبوعات اشلريميزمو اركين حالدا حركتلنيشكە باشلىدى . هرملت اوز آنا تلينى اوقوش وە دولت ايشيدا ايشلتيش ، تل ، ادبياتينى اوستوروش امكانيتيگە ايگە بولدى .

شرقى توركستان جمهوريتى وقتليق حكومت اعضالرينڭ 229-سانلق قرارى بويچە تل - ادبيات اشلرينى رواجلانـدوروش اوچون معارف نظارتى ييندا علاحيدە تل - ادبيات بولومى تشكيل قلندى . بر نەچچە ملت تليدا گزيت ،

ژورناللار چقشقا باشلیدی . شونوڭبلەن
مطبوعاتدا اویغور تلی رواجلینش امکانیـ
یتیگە قاراب ماڭدی .

1946 ـ 6 ـ ایپوندا خطائیحکو
متی بلەن شرقی تورکستان جمهوریتی
واقتلیق حکومت آرسیدا بولغان پوتوم
بویچە وطنیمز شرقی تورکستاننڭ هممە
جایدا ملی تللاروە مطبوعات ارکینلیک
لری قولغا کەلتورولگەن ایدی . اوز ـ
آنالیدا اشلەشنی وە ادبیاتینڭ اوسوشینی
طلغنمزلیك بلەن کوتوب تورغان خلق ،
هر بر ویلایت وە بعضی ناحیەلر دیمو
اویغورچە گزیت ژورناللار نشر قلیشقا
باشلیدی . اویغور خلقینڭ تل ـ ادبیا
تیدیکی تلانتی وە شونوڭ بلان اوز ادبید
یا تیغا بولغان هوەسینڭ اوستونلیگی
هیلیمو یوقلب کەتمیگەن . اگردە مطبو
عاتقا بولغان احتیاجیغا اپلیك شرائط
توغدوروب بیریلسە آز زمان ایچیدە تل ـ
ادبیا تیمز علمی آساسقا کریب قیلیشقا
چوڭ امید بار ایدی . افسوسکی ، پوتوم ـ
دیکی مطبوعات ارکینلیگی یەنە مستبد
کوچلەر طرفیدین سقیلیشقا باشلیدی .

مثلاً : برقانچە ویلایت وە ناحیە
لەردە نشر قلنیواتقان گیزیتلەرنی ییپیش
قا بویریغان . وەبعضی گیزیت خانەخا ـ
دیملری اقتصادی یاردم سوراب بارسا ،
گیزتینڭ نامینی وە خلقچیللەشکەن مضـ
مونینی اوز گەرتسە یاردەم بیریلیشی
اوختورولغان . خلقنڭ مطبوعات ارکینـ
لیگی اوسوب کیتیب بیرشیغا چیدیەلمای
مستملیکە چیلك سیاستکە محکم یوپوشوب
آلغان قارا نییت عنصرلار ، اگردە خلقـ
نڭ ارکینلیگینی بوغوشقا صرف قلغان
پولنڭ نەچچیدین برینی مطبوعات اشـ
لرینی ترقی قلدوروشقا برسەایدی ، تل ـ
ادبیا تیمز ایزچیل رواجینی تاپقان بولار
ایدی . شوندا قتیمو اوز ادبیاتیغا تەشنا
اویغور خلقی برقانچە ویلایت ناحیەلەردە
اوز راسخوتی بلەن مطبعە چیلك اشارید
نی ایلیب بیرشقا قاتتق ترشیوا تیدو .
امدی ارکینلیککە قاراب ایچیلغان کوز
لەر موندا ق توسقونلوقلارنی بیکیب ،
اوز تل ـ ادبیاتینڭ میویسینی قولغا
کەلتورمدی قالمایدور .

« ز »

# اوتوپيە و تيخنيكا

فانتازيبەليك ( خيىالى ) رومانىنك
ايجادچيسى هەچ كيمگە معلوم بولمىغان
يالش فرانسوز يازوچيسى ژول - ويرن ايـ
دى . ژول - ويرننك « يەردين آيغە
« هەم آي اطرافيدا » وە « 80 مىڭ
كيلوميتر سو آستيدا » ديگەن بر قانچە
فەنتازيبەليك رومانلرى 1865 ـ 1870-
يىللاردا دونياغا چققان بولسىمو ، حاضرقى
كوندە نيخى اولارنى هەر كيم بونيلديـ
غاندەك قليب بيريليب اوقوبدو .

ژول ـ ويرن نىڭ « آيغا صياحت » ديـ
گەن رومانيدا قهرىمانلارنىڭ آيغامينشلرى
منا موندەق : غايەت زورتوپ يا سالىبدو ،
توپدين ايتيلىديغان سنارەد ( توپ او-
قى ) كيچككينە بر اوى رەوشدە بو-
لودو . شو اويگە 4 كشى كريب اول-
توروش بلەن ، سنارادنى اولتورغان آدەم-
لرى بلەن زور كوچ آرقيلق آتيدو ،
دەيدو .

سنارەد يەر شاريدين بتونلەى آير-
ريليب كەتسون اوچون اونىڭ توپدين
ايتيليب چقش چاپسانلىغى سيكونتيغە بر
قانچە كيلوميتر بولوش لازيم . موندەق
چاپسانلق بلەن ايتيليب اوچقاندا سنارەد
ايچيديكى كشيلەرنىڭ سلامت قيليشى
مەكينمو ؟ منا بو هر بر كشيگە معلوم ،
هيچ بر مومكين امەس . موندين باشقا
بو « اوچئوچى سنارەد » نىڭ تيخنيكا قا-

نونلريگە هيچ بر توغرى كەلمەيديغان
طرفلرى بار .

شونوڭدەك انگيلز يازوچيسى اول-
لبس « كوزگە كورونمەيديغان كشى »
ديگەن رومانىنى يزيب چقتى . منا شو
رومانلەر بوييچە اشلەنگەن كينو فيلمى
( كينو كارتينكاسى ) نى كورگينيگز-
لەر باردور . اولليس بو اشنى عملگە
آشوروش مەكين دەب اوز فكرينى آلغا
سوروب ، بونداق سوستاوڭ قانداق قليب
تيپيليشى توغورسيدا اوزينىڭ تونوش
وراچيغا بر قانچە ميثاللار بلەن سوزلەب
كورگەن ايدى .

لیكن اولليس نىڭ كەلتورگەن
دەليللرينى راسلايديغان فاكتلار طبيعتدە
كوب بولسىمو ، اونوڭ عاددى كور-
نوشكە كەلتورگەن بو دەليلى ، تاش-
لىغان چوڭ قدەمى « كورونمەيديغان كە-
شى » گە جواب بيرەلمەس ايدى . اول-
لبس نىڭ دەليلى حقيقتدين يراق تو-
رودو . چونكى بو دەليلنى عاددى نەر-
سيلەرگە كەلتورگەن بولسىمو اجتماعى
نەرسە ( آدەملەر ) گە چاپلاش اوزجا-
ييدا چقش بويقدا تورسون ، بلكى او-
نوڭ هەممەسينى اولليس نىڭ اوتوپيـ
سيلا مەكين دەب تاپيدو . لەكين شون-
داق بولسىمو اولليس نىڭ كوزگە كو-
رونمەيديغان آدەم بولوشنى ايزلەب تـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پیش فانتازییەسی گەنهایتی كوب كشیب-
لەرخیلبلاواحتینی یوقاتقان وەاویلاش دیگز-
اریدە كوب چومولگەن. براق نەتیجیسز چققان.
دیەمك بز بونو گدین بلیەمز كی، دونیادا فاندا نەرسە بولمیسون اونوڭ اوزگوروشیدە معلوم بر قانون بولودو. بو قانونی اوز فكریمز چە اوزگەرتەلمەیمز. اگوردە بزلەر برلەرسینی اوزگەرتمەكچی بولساق، فقط شو قانوندین فایدیلینشقا اقتیدارمز. مثلا: حاضرقی زاماندیكی سیربیك اویونلری آدەمنی حیران قالدوراراق بولوب، سیربیك نومیریگە اشەنمەسكە اوگەنگەن كشیلەر «بونو گدابر تورلوك حیلە بلر» دەب اویلایدو. لیكن بونو گدا هیچ بر آلداش هەم عادەتدین تاشقیری اش یوق. بو فوكسلارنڭ كورسوتولیشینڭ هەممیسی ملا میخانیكا قانونلریغا اساسلینیب اشلەنگەندور.
بوای چوشونوشلیك قلش اوچون سیربیك نومیرلریدین برنەچچیسینی كوز آلدیمزغا كەلتوردیلیك. سیربیكدە نهایتی چوڭ موافقییت قازانغان بر نومیر بار. منا بونی «اولوم ایلمیگی» دەب آتایدو. بو فوكس نهایتی فزیق و شونوڭ بلەن بلەلە ایلك قورقونوچلوق فوكسلارنڭ برسیدور.
فوكس تاختایدین یاسالغان ایگز تاغ بولوب، ارتیست تاغنڭ یوقارقی نطقەسیدین ویلیسفید گە اولتوروب چوشوب كیتیدو. كوز ایچیب یومغچە او تاغدین چوشوب آلدیدیكی بورولوب ایلانغان تاغ (ایلمەككە) مینیب كیتدو. ارتیست بیشی نوومن ایلینیب كیلش بلەن ایلمەكنڭ یوقارقی قسمیدینو آیلینیب چقیب یەرگە چوشیدو.

منا بو ایلمەك ایچیدە ارتیست بیشی نوومن آیلینیب چققان وقتیدا تماشەچیلەر دەم آلماي قاراب تورودو. چونكی ایڭ قورقونوچلوق وقت شو بولیدو. ارتیستنی بو وقتدا قانداق كوچ توتوب تورودو؟ اونیمشكە ییقلیب چوشمەیدو؟ بواشنی توب رولنی آیلانغاندا حاصل بولیدیغان مركزدین قیچش كوچی باشقورودو. شونداق بولسیمو، بویەردیكی تاغنڭ ایگزلیگی هەم ایلمەكنڭ چوڭلیغی نهایتی توغری حسابلاب اشلەنگەن بولیدو. ارتیست ویلیسفیتنڭ اوز اختیاریغا قویوب بیریدو.
اگر تاغنڭ ایگزلیگی، ایلمەكنڭ چوڭلیغی توغری حیسابلانمیسا، وە ارتیست ویلیسفیدنی آستا ماڭدوروش یاكی تز ماڭدوروشنی اویلیسا، اونوڭ بیشی آیلانسا او وقت زور بختسزلیككە اوچریشی مقرر.
ینە شونو گغا اوخشاش عجایب فوكسلار ییقندین بیری كورسوتولوشكە باشلیدی. بو فوكس مونداق اشلینیدو: توپ (زەمبرەك) ایچگە ارتیست كیریب اولتوریدو. توپ ایتلغان چاغدا ارتیست توپ آغزیدین چقش بلەن نهایتی تز بیكە اوچوب هواغا كونورولگەندین كیین بەلگولەنگەن اوروندیكی تورغا بیریب چوشودو. بو «توپقا سناراد سیلش اورنیغا آدەم سیلب ایتش» بولوب چقیدو. بونی كورگوچیلەر عجیبكە قیلیب «ارتیست قانداق اولمەی

سلامەت قالیدو » دەپ اویلایدو .

بو یەردە توپ ایتش دیگەن سوز-نی راس معنا بلەن آڭلاش یاریمایدو . چونكی بو توپ راستینلا ایتالمایدو . بو-نڭ شارتلیغان ئاووشی اشتیلیدو . شو-لوك بلەن برابر بولوك ایچیدین ارتیـست چقیب اوچیدو . لەیكین اشتریب چقارغان كوچ شارتلاش گازینڭ كو-چی بولماسدین ، بلكی توپ ایچیگە ئاي-تمی كوچلوك پورژینا قویولغان بولیدو . منا بو پورژینا كوچی ارتیستنی ایتـتریب چقریدو . شو وقتدیلا توپ ای-چیدیكی توزغاق سامان پارچیلارغا اوت توتوشوب ارتیستنڭ آرقیسیدینلا توتون چقیدو . بو اش راستینلا ایتش بولوب چقیدو .

فوكسنڭ سریدن بلگەن كشیلەر « بونوگدا حیران قالیدیغان نەرسە یوق » دەپ اویلایدو . بو بو خطا . پورژینا كوچی بلمان ایتالمسیدو اونوڭ مارتیستكە بولغان قورقونچی هیچ بر كیمەیدو . توپدین ایتیلیب چقش هوادا اوچوب بید-ریب توومن چوشوش وقتلریدا ارتیست بر ـ برسیگە قاریمو قارشی برلقان حال-لار ایچیدە بولودو . بو وقت ارتیستكە البتە قورقونچ بار . شونداق بولسیمو بوقوریدا كورسوتولگەن « اولوم ایلمیگی » قانداق توغری اشلەنگەن بولسا بوندیمو شونداق توغری اشلەشكە یعنی مێخانیكا-نڭ تورلوك قورەللریدین فایدیلنشقا لا-زیم . مثلا : توپ اوزونلیغی ، ار-تیستنڭ توپدین چقش چاپسانلیغی ، یەر-نڭ تارتش كوچی ، ارتیستنڭ ایغر-لیغی هەم توپدین چقیب اوچوش چاپسان-لیغی وە ارتیستنڭ تورغا چوشوب یەت-چیلیب كەتماسلیگینی اویدان اولچەش لازیم . منا شو توغری اولچەش آرقا-سیدا حركتنڭ چاپسانلیغی نەتیجیسیدە ارتیستكە زەرەر بولوب اولگورمەیدو .

دیمەك ژول ـ ویرن ، اوللیس اوزلرینڭ هەممە فانتازییەلیك كتابلریدا اوقو چیغا نهایتی عجب برفاندا زییەلیك ماشینیلار ، یاكی عجب بركورنوش كورسوتوشنی تیلەب یازغان بولسیمو ، لیكین اولوك آیریم بر قانچە فكرگە توغ-ری كەلمەیدیغان یەراری فەننی قاراشدا حقیقتدین براز بولسیمو مایماق تورودو .

حاضرقی كوندە فەن هم تیخنیكا دونیا سیدیكی زور اوسوشلەر كورولوش بلەن بوروتقی حكایەلەردیكی « اوچیدیـغان پالاس » حاضر بزنڭ كوزیمزدە راس اش بولوب آیلاندی . بز حاضر پالاسلا امەس ، برقانچە كشی بریولی اولتورا لایدیغان موره كەكەب بولغان دیرژابیللە-نڭ اوچوب یورگینینی كوریمز .

شوجەلیدین « سنازاد اورنیغا آدم » دیگەن سیریك نومبری میداندا كورسە تولدی . بولش ژول ـ وریننڭ اتوپیه

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



به سیدەك بولمالمدین ، بلکی تیخنیکا
نڭ اوسوش تر قیداتینڭ بەرگەن میوە-
سیدور .

ژول - ویرنڭ بوقارقی پرویکتی
(پلانی) نهایتی کوب طرفدین اشلنیشی
مەکین بر پرویکتیگه اوخشاش کورنیدو.
1918 - یلی گرمانیه دونیادا ایلك زور -
توب اشلیدی . هم شوتوپدین ایتب 120
کیلو میتر یراقلقدین فریژ شهرنی
اونقا توتقان ایدی . بوتوپدین ایتلغان
سنا رادنڭ باشدیکی چاپسانلیغی سیکونت
تیبغا 2000 میتر بولغان . دیمەك بو
سناراد ژول — ویرن پلانیدیکی سناراد
چاپسانلیغیدین 8 مرتبه کام . حاضر تیخ
نیکا حیران قالارلیق زور چاپسانلق بلەن
اوسوواتیدو . کشینڭ خیالیغا کەلمیگەن
نەرسەلرنی تیخنیکا کەلتوروب چقاردی.
موندان بولغاندین کیین ژول - ویرنڭ
پلانیچه سنارادقا 16000 میتر تز لیك
بیریدیغان توپنڭ اشلینیب چقشی عجبمو؟
پرویکتنڭ بوطرفی البته ممکن اش .
براق حاضر خیمییدە پارتلیغوچی ماددیلار
ایڭ کوب بولغاندا سیکو نتیغا 4000
میتر چاپسانلق بیریوا تیدو ، لەیکین .
بوتوغوردا پارتلیغوچی ماددیلاردین فایدی-
لانەلسدین تیخنیکانڭ باشقا مەکینلکلری-
دین فایدیلینیشقا یینه بولیدو .

ق . خ

## کونفیرینسیەدین کیین

م . ضیام

47 یلی 6 غینواردا کون
فیرینسیەمز آیاقلاشقاندین کیین ، هر
دەریجیلیك تشکیلات وەکیللری 10 —
غینواردین باشلاب تیگشلیك یولیوروقلار
ایلیب اوز طابەلریگه قایتشتی . امدی
لیکده هر دەریجیلیك تشکیلات وەکیللری
اوز طابەلریگه بارغاندین کیین کون-
فیرینسیه قرارلرینی اعضالارغا تواوق
قوشەندوروب ، اونوملوك نەتیجیلەر قا-
زینیشی اومید قلنەقدا .
تشکیلاتیمیزنڭ نظام نامیسی بسیلیب
15 - غینواردین باشلاب هر دەریجی
لیك تشکیلات اعضالریغا یوللاندی. نظام نامیدا
تشکیلاتنڭ مقصیدی ، عمومی وظیفیسی
تشکیلاتقا اعضا بولوش قاعیدیسی ، اع
ضالارنڭ حقوقی هم وظیفەلری ، تشکیلات
انظامینی مستحکملەش وە هر دەریجیلیك
تشکیلاتلارنڭ تورلوك تشکیلی قورولوشلری
کرگوزولگەن . حاضر هر دەریجیلیك
تشکیلات اعضالری نظام نامە اوستیدە کەڭ
کولەمدە مذاکرە یورگوزمەکدە. امدی-
لیکدە هر بر اعضالاردا یوروندا کو-
رولگەن بعضی کەمچیلکلار وە نزمنقی

ا‌ئتوب قيلشلار بوااسليغى بلەن ، قوليـ
ديكى نظام نامينى تولوق تەلبل قليب
كورسوتواگەن وظيفيلەرنى قنداعتلبندەرالك
دەريجيدەبەجريش مسئوليتى تاپشورولدى
هەر ـ بر اعضا اوستيدە تشكيلات ميـ
دانيدا اونوملوك نەتيجيلەر كورسوتوب،
اعظالق وظيفەسينى تولوق بجريشى اوميد
قلنيدو .

1947 ـ يل 14 ـ غينواربراجى
سانلق مركزى كوميتيت پريزيديئوم
قرارى بوييچە 4 ـ رايونلوق كوميتيت
كيڭەيتيليب ، غولجا ناحييەليك كوميتيت
قورولدى . حاضر صحرالار بوييچە : باياند-
داى ، دادامتو ، توغايتو ، يوقارقى فد-
جم ،آق توپە ، آرا اوستەڭ ييزيلريدا باشلانـ-
غوچ تشكيلاتلار قوروولوب، ياشلارغا تەربيە
رەسمى باشلاندى . ييقن آريداسهرا ، قر-
لاردا ناحيەليك كوميتيتنڭ تارماقلرينى
قوروش ايشى كيتب باريدو .

شويل 20 ـغينواردين اعتبارا=
يولدوز ناحيەليك كوميتيتينى قوروشقا
محمدايمن ' نيمە يولداشلار بەلگوليندب ،
تيگيشليك يول ـ يورۇقلار ايليب كەتتى .تش-
كيلاتمزنڭ تعليم ـ تەربيەسى ييڭى كوندە
يولدوز ياشلرينيمو اوز قوليغا آلغوسى .

ايلى ويلايتى بويچە ناحيەليك كو-
ميتيتلارنڭ سايليمى خصوصيدا قولانما
بوللاندى .تەرتيب بويچە هەربر ناحيەليك
كوميتيتكە رەئيس وە پريزيدئوم اعضالار ساي-
ليمى حاضر كوپچولوك 'ورونلدا تەاملاندى .

منغول كورە ناحيەليك كوميتيت سابق
مسئول كاتبى ناحيەليك كوميتيت خدمتلرية-
نى آتقوروشدا سيفاتلق قليب خدمتگە
اعتبار سزقاراب 'تشكيلات خدمتينى كەير-
نيگە چيكندور گەنليگى اوچون ناحيەليك
اعضالار مجلسينڭ قرارى وە ناحيەليك
كوميتيتدين كەلگەن آكتقا موافيق تشكيـ
لات اعضالقيدين چقرلش بلەن تيگيشليك
چاريسى كورولمەككە قرار قلندى .

هەردەريجيليك تشكيلاتلارنڭ تشكيـ
لات خدمتلريگە دائير وقتلق قوللانما توزو
لوب يوللاندى . موندين كيين اونكەنكى
كورسەتميلەر وە بوقوللانما بويچە هەردە-
ريجيليك تشكيلاتلارنڭ خدمتلرى برخل بو
سوندا آلغا سوروولگوسى هەمشو كورسەتمە
بويچە تەكشوروش هەردەريجيليك تشكيـ
لاتلار خدمتلرينى تزمغا ايليب 'كورەش
ژورناليمزنڭ كەلگوسى سانلار بدا نەتيجيلەر
نى كورسوتوب توروش بور گوزولمەكچى .

اعضالريمزدين الفم اختم ، محمد
صديق نوروزوفلارنڭ جدى ايشلبيشى بلەن
كونفيرينسيەگە بيغشلاب ، هربر ييزفچى
شاعير لريمزنڭ شيعر وە ادبى اثرلريدين
نمونيلەر توپلاب آلمانخ تيارلاندى ، بو المانخ
وطنمزنڭ كيينكى تاريخيدا ياز غوچيلاريمز
خدمتنڭ امدى كوروتوشكە يوزتوتقان
پارلاق صحيفە سينى آشقى .مەنشو مناسبت
بلەن بوتوپلامنى تيارلاشدا كوچ چقارغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



اعضالريمزنى علاحيده اسكه ايليب اوتدوق .
بولارغا اعضالريمز موداييبات وه صنعت اشلريدا
يرلك رواجلينشغا كوچ چقريشيني امر
قليمز.

هر دهر يجيليك تشكيلاتلار خزمتلرى
اوستيدين الغاندا :

آ. غولجه شهر بيرواسطه رايونلوق
كوميتيتلردين: مجلسلرنى قالدورماى
ايچيدا، نه كشوروش، تقدير، تزم ايلش؛
وه تشكيلات دائيرسيني كينگه‌يتش خزمتلري
نى ... كنيبو اشلديشده 3 ـ رايون برنچى
اوروندا كيتب باريدو. 2 ـ رايونغا باشلقوه
كادرلر يتيشمسلينش بلهن خزمت سور
عتى الغا ميگيشقا باشليدى . بو رايونهو او
زون اوتمه‌ى اولگولوك رايون بولشيغا اوميد
بار. 4 ـ رايونلوق كوميتيت غينوار آييدين
باشلاب تشكيل قلنغان بولسيمو تيزليك
بلهن فراغت خانه، راديئو اورنوتوش ايشيني
بجردى وه عموما اشلريني تشكيلي وه
ترتيبليك ايلب بيريشقا كريشتى. 1 ـ را
يون بولسا فيورال آيلريغا قدهر بر ترتيبگه
چوشمه‌سيمو آينك آخرسيدين باشلاپ بيگى
باشلقلار خزمتكه جدى كريشتى. البته موند
دين كيين خزمت سورعتى جهتدين .
يگى موافقيتلر قازينيشيني كوتيمز .
5 ـ رايون خزمتلرى باشلنيشدا خيلى تر
تيبكه چوشگهن بولسيمو ، غينوار آييدا
اوقوغوچيلارنك 15 كونلوك اپتوسكاسى
مناسبتى بلهن خزمت توختالغان . فيورال
آيى ايچيديمو خزمتى ترتيبليك روشده
نقطيگه كيلهلميدى . البته مارت آيلريدا
خزمت ترتيبيني رهتكه سيلشى ضرور بولوب
توريدو.

ب. ناحيه‌ليك كوميتيتلر بوييچه
آلغاندا ـ غولجه ناحيه‌ليك كوميتيت غينوار
آييدا قورولغان بولسيمو ، قسقا مدت ايچيده
غولجه ناحيه‌سى اطرافيديكى بارلق صحرا
لر بويچه 9 نفر اعضانى كاماندير وفكا غا
چقريش بلهن بتون صحرالارنك كوپچولي
گيده باشلانغوچ تشكيلاتلار قوروب بولدى.
عموما حاضرقى خزمتى نه‌تيجيليك دهب
ايتشقا بوليدو.

سويدونك ، چلفه‌نزه ، توققوز تارا ،
قزيل كوره . ناحيه‌ليك كوميتيتلريني
آلغاندا . خزمتدين معلومات بيرش اشلرى
وه تشكيلات قتصاديني قامداش اشلرى
نه‌تيجيليك كيتب بارماقدا. نيلقى، كونه‌س
سوول ناحيه‌ليك كوميتيتلرى يوقارقى
ناحيه لرگه نسبتا 2 - اوروندا
كيتب باريدو ، لاكين منغول كوره،
بورتالا ، آراشان ناحيه‌ليك كوميتيتلرينك
خزمتلرى اوستيده كونفيرينسيه‌دين كيين
غينوار ، فيورال آيلرى ايچيده سايلامدين
باشقا معلومات بهرميدى . البته كونفيرينه
سيه قرارلرى اوستيده قلنغان حركتلر
دين معلومات بيريلشى ضرور ايدى

جيدكى ناحيەليك كوميتيتى قوروليـ
شيدين تارتيب خزمت اوستيدە كوزگە
كورونەرليك نەتيجە كوسەتميگان بول-
سيمو ، بورونقى ناحييە ليك كوميتيت
باشليغى محمودخان اورنيدين قالديراوش
بلان بيگى سيلامدين كيين خزمت سور-
عتى اوز گوروشكە باشليدى .

س . ويلايتليك كوميتيتلـردين
تارباغاتاى كوميتيتنك خزمت ترتيبى ،
تعلم - تربيه ، انتظام ايشلرى اوستيد-
ـدين نەتيجەليك بوكسولوشلار بولبواتيدو.
لەيكين اوتكەن وقتدا قلنغان خزمتلـرى
اوستيدين تولوق معلومات بيريب تولا
ميدى .

آلتاى ويلايتليك كوميتيتنك 46-
يل 11-12-آيلار داكلانى، 47- يلنك
3 آيلق خزمت پلانى وە خلافيلريغا ريغاندا
خزمتلرى نەتيجەليك كيتب باريدو _ دەپ
ايتشقا بوليدو.

حربى كوميتيت كونفيرينسيەدين
كيين دەلەبدە تشكيلى اشلرينى يولغا
سيليشدا جدى حركتلر قليواتيدو .

لەيكن تەشكيلى خزميتى تولوق وەاينق
دەريجيگە ، ييتب كيلەميدى موندين كيين
تيزليكدە تشكيلينى تەملاب مستقل رە _
وشدە اوزخزميتنى وەتعليم _تربييه سينى
بيتەليك دەريجيدە بور گوزوشى ضرور.
عموما آلغاندا هەردەريجيليك
تشكيلاتلار خزمتى 47 _ يلدين باشلاب
كونفرينسيه مناسبتى بلان وە تشكيلات
نظام نامسينك بيسيليب تارقيليشى خيلى
دەريجيدە يوكسولوشكە باشليدى . عموما=
برخل كامچيليق 1- داكلاداشلرى وقتيدا
ييتب كەلمەسليگى 2- كيريش بديلى
نظام نامە وە ژورناللار حابيغا وقتيدا سوم-
ما قايتورماسليق 3- حسابات اشلرى وقتيدا
ييتب كەلمەسليك 4- بيريلگەن قوللانما
وەايستروكسيه لەرگە تولوق قاراب تحليل
قليب چقماسلق كامچيليقلرى كوفچولوك
اوروندا يوز بەرمەكدە . البتە موندين كيين
هر دەريجيليك تشكيلاتلار نك شبو كامچـ
ـليقلارنى تزليكدە توگوتوب اونوقلرنى
اوستوروش اوچون تيخيمو جدى فعاليت
كورسوتوشلرى كوتوليدو .

# كوچولگە هجوم

( سەتيرە )

اونوك اينينى مسلەتلاردين هيچ
گيم سوراب باقان امەس . اما بوينيد-
غا اسقان تاسمبسى ، سارغوچ كييمى
وە ياقيسيدكى شو شو عنوانينى كور،
گەن بز خەق افيتسير دەپلا قويودو ،
بولدى . او پەيچاگەو ، لەنجاگەو ، تەز-
چاگەو اونى سوروشتور گيدى بولامدو .
اگر سز نيمە خذمت قليسز دي .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سەنىڭ ، آچچىق او چىپىمدىن چىقىپ كىلىيدى-
غان ئاتلىق گەپنىڭ لەرزىنىدە ادر نىغا
3 قىتىم سەگرەيدۇ . آغزى ايچىدىشىپ
كىتىپ ، انصاف قلسا يەرگە ، ياكى آسمان-
غا تو كورودو . بولمىسا توپ توغرى
يرزوگگە تو كور وەتسە قىندانمو قليسەن
يوزۇڭ چيەاداب اونوڭ شرىسى يورەك
نىمو تىتر يتىدو، اۋنسز سوبو يىغا يوگ-
رەيسەن ، شو .

اونداق آدەملەرنى بز خاق «صف-
را مىجەز» دەيدو . مونداق آدەملار آلتى
شەر دىكى توقۇنلارنى «حيەايە» قلشغا
خطايدىن آلديراب ييتىپ كەلگەن حربىد-
لەرنىڭ ايچىدە خيلە بار . اولار خلقنى
اركينليكدىن حيەايە قلغو چيلا . شونوڭ ،
اوچون خلق بى سەرەجان بولغانديلا انسيد-
رەب ، اوپ -- چوريدە پىلمىوتـلارنى
سورەب يو يدو .

بز ، هيليقى ايتيىنى سوربـغيلى
بولمايديغان شو شو عنوانلق افيتسيىر نىڭ
گيپىنى قلمانچى ايدوق . اونى كوروپلا
خيياليمز آلتى شەرگە كىتىپ قپتو . . .
مەقهرىيەانلقنى قاراڭ !

1946 - يلى اوكتەبرنىڭ 20 -
كونىدە اورومچى نەنگەن كوچيسىدابايد-
ى افيتسير خوتونى بلەن كيتىپ باريدو.
ناواى خانىنىڭ بوسوغوسىنى . پەرلاپ هيچ
نەرسە چقرالمايوانقان كيچك اوروق كو-
چوك بردىنلا بوـلوب افيتسيرنىڭ ارقىسىد-

غا چوشتى . احتمالكى افيتسير آشفوزول-
دىن مايلق تاماق يەپ چققان اوچون سيد-
سق كيكەر دىمو ، ياكى اوتو گينى ماي-
لانقانمو هەرحالدا كوچوك ئەگەشكىدەك
بريوراق بولسا كىرەك .

كوچوك افيتسيرنىڭ اونو گينى بو-
ريدى . او سولەتليك ميگيشينى بوزماي
اونو كنىڭ سوكى بلەن اشتىرىوەتتى .
كوچوك افيتسيردىن ياخشيلق كورميگەن
اوچون اونى قاغاپ قاوانقا باشليدى .
افيتسير 2 - 3 يەردە توختاب اونو گغا
آليىپ قاريدى . لەيكين كوچوك اونو گ-
دىن قورقماى قاواب كيلىيواتيدو . افيت-
سيرنىڭ صفرايى بردىنلا اورلەپ كيتىپ،
آرقيغا بورالدى ، چيرايى بورشوب بو-
قيشى كوتورلوپ ، سول طرفديكى كال-
فوگى يوزيگە چقىپ ، چشلرى كو-
روندى ...

منا امدى جەڭ باشلينىپ كەتتى -
بردەم كوچوك قاچيدو ، بردەم افيتسير؛
افيتسير قورقسا كوچوك قاوايدو ، كو-
چوك قورقسا افيتسير . خيربيات . غالب-
بيت افيتسيرنىڭ بولوب تماملاندى . كو-
چوك كوچينىڭ ارتتورسيدا حالسز ليىپ
ييقلدى . يەنگگوچى بولسا ، بتون كو-
چى بلەن اونو گغا هجوم قلىپ ، دەسسە-
واتيدو . ييگيلگوچينىڭ آغزى بورنيدين
وە آرقيسيدين قان قويولوپ ميجيليپ
كەتتى ...

افيتسيرى خوتونى ، بوبوجيك ،

سەللى با » دەب بوروب ملكىلالقدا آران بول
نك چيتىغا نارتىب چقتى .

غالىبىيەنچىنك نىغى قناعت حاصل
قلىيغان مىجازى اورنىغا چوشەيگەن اوچون
خوتونىنىيموتلايدو ،يولدىكى مىجقلارـ
غان اولوك طرفكە تەلپونيدو ، اورنىـغا
اوچ قيتم سەكلەيدو . « سىكئو وە بو
خەيفا » دەب نالايدو ...

مونچە آرقىغا قليماس « قهرەماننى »
كورگەن آدەملارنك بعضيسى مونـداق
كاننە جىارەتنى تقديرلەشكە لايىق نرسە
ايزدە وانقان بولسا ، بعضيسى هترنـىدادا
مو واو شدەك مەنالى كوروامىگان قهرىمان
اونكەندىمو ، » دەب اويلا وانقى .
آريدين برسى ناپتى : « اونكەن ،
خوددى دونكيخوت ١) اونكەن » .
ز . ف .

---

١) دونكيخوت ـ خيالى بر رومانىنك
بەتلى او قويلارغا ، قوشلارغا ، هو.
جوم قليب ، دونيانى تترەتدىم دب ماختىـ
نب يوريديغان قهريمان . ايدى .

## ظلوم خاطرەسيدين

سوزنى بلشلايمان ، تاريخدين ايليب ،
دوشمەن سويەر ، هەردەم يش قليب .

⁂

كيملەر او ، بزنى زارى قاخشاتقان ،
جبر ظلومى ، حسابسز آشقان .
تخنكە مينب ، حاكيم مطلقلر ،
بزلەرنى ئەزگان ، ابلس - بدبختلار .
قانلق قامچيسى ، تيلاريينيدا ،
گناهسز ئەلنك ، ئوينارتيينيدا .
ظلوم دەستيدين ، آەدى كوب ياشلار ،
كوپلەر سولاندى ، كيسلدى باشلار .
حدديدين آشقان ، ظالم جاللادلار ،
تيتريگەن حتى ، تاغو هم تاشلار .

⁂

وحشت تەختيدين ، چقسا بر فرمان ،

شو زامان ئەلدە ، قالمانتى دەرمان .
يالاقچى لوزوك ، شاپاشلاب ميكيب ،
هايداب كيلەتتى ، قوللرينى تيكيب .
قانچيلار قاخشاب ، دارغا ايسلغان ،
قانچيلار ايگراب ، تاياقدا تيتلغان ،
قانچيلار تينى ، چوغلاردا پيشقان .
قانچلار قولى مقدافيقلغان ،
قان - قان ييغليتب ، پەيلەر كيسلگەن .
قانچيلرينك پوتيدا كيشەن ،
قوليدا كوزا ، بوينى پوكولگەن .
قانچيلرينك تينينى تەشكەن ،
قانچيلار آه... دەب ، جينيدين كەشكەن .
قانچيلرينك كوزى اويولغان .
قانچيلرينك پوستى سويولغان .
پارچە - پارچە كيسلگەندى تينى ،
توكولگەن ايدى ، مظلوملار قينى .

. . . . . . . . . . .

شو يوسون بزلەر ، ايزلگەن ايدوق ،
گوياكى قولدەك ، حقوقسز ايدوق .
جاللادلار ايدى ، هەممىگە آفت ،
شو كىلاشقا بزدە ، قالميغان طاقت !

⁂

تەورينب آزادلققا بوزەك ئەل ،
وحشت تەختينى يەنجب تاشليدى .
ظلوم خاطيرەسيدين ايچيب ئەرك ،
حيات بغيغا قدەم تاشليدى .
اشيمز وگوش ، ماگيمزدا ديل ،
حكوم سورەمس ، املى اوقاتيدل !

م . عثمانى .

# گودوك

« گودوك » حیكایبسی ـ ن . اوستروویسكینك « بوراندیـن توغولغانلار »
دیگەن رومانیدین چوڭلار اوچون ایشلەنگەن برقسمی .

بو كتابدا بیزلغان واقعه ـ روسیه دیكی گرازدانلار اوروشی بولوواتقان
یللری اوكراینلار الك كیچیگرەك برشهربده بولغان . پولشا آق عسكرلری حكو
متنی اوزقولیغا آلغاندا ، بوشورون بولشیویك گومیتیتی اشچیلارنی اویوشتوروب
آق پولەكلەرگه قارشی قوزغولاڭ كوتەرگەن .

« گودوك » حیكایبسی شوقوزغولاڭنك باشلاپقی دەوریگه توغری كیلیدو .

1

گلوشگودیگەن تومورچینی پولەك عملدارلاری اولتورویتیپتو دیگەن خبر
شهراطرافیدیكی پارچه . پورات كوچیلارغیچه تارقالغان ایدی . بوخبـربارلق بوۋ
لوڭ پوشماقلارغا حتی ایك چەتده تورغان گەمه اویلەرگیچه یەتتی . كشیلرنك
تولیسی بوواقعەنی اوز كوزی بلەن كوروب ، اشتیب قایتیشقا آلدیراشتی . قالغان
لار بولسا ، اوزاویلرینك آلدیغا ییغیلیب ، بولغان واقعه توغریسیدا قزیق.ەاكیە
میلەشمەكدە ایدی .

ـ زاكون بولوش كیرەكقو ؟ قینی بو زاكون دیگینی ؟ آدەملرنی بیكار
دین ـ بیكار غیلا هیچ برگوناهسز اولتوروانیدو .

ـ زاكون بر ، تاپاق توتقانلار همیشی ساڭا توره . ، سەن اولار
نك قولی !

ـ شونداق ، حاضر شونداق بولوب قالدی . بوگون سینی دارغاآسمای
آمان قالدوردیمو ، شونوڭغا شوكری دەیسەن . مانا ساڭا تركچیلیك !
فقط قایسی برجایلاردیلا موندااق پاراڭلار قطعی توس آلاتتی .

ـ نیمه گەپ ـ هوی ، یگیتلەر ؟

ـ نیمه گەپ بولاتتی ، ایغز قیچیغینـی پەسلیتیبواتیمز .. بودەییوزلەر
خاهلیغنینی قلیوانیدو . بز بولساق مۆشونداق اورولوب ـ چورولوب پاراڭغیلا
زولایمیز . زیریككەنده اویگگه یانیسەن ، اویدیمو ساڭا نیچلـق یوق . كیچچ
لری كیلیب اوچییگنی چوگویدو ...

بارانكيوبيچ زاوونيدا ايككنچى اورون آلماشتورغوچىلار اشنى توگيتەيدەپ قالغان ايدى .

زاووتنىڭ چوڭ دەروازيسى آلديدا اورن آلماشتوروشقا كەلگەنلەر توپلوشوب تورانتى . ايشچيلارنىڭ برقسمى تەكشوروش ايشيگيدين اوتوب زاووتنىڭ آيمخانيلريغا كيريب كەتتى . قالغانلىرى گلوشكونىڭ اولتوروالگينينى آڭلاب دارۋازا آلديدا توختوشوپ قالدى . زاووتنىڭ اوزوندين بيوى اشلەب كيلواتقان بر كوزەتچيسى بارايدى . او توختوشوب قالغان اشچيلا غا قاراب :

- نيمە قاريشيب تورسيلەن ؟ اوتوڭلا دەيمەن ! - دەب واقيردى ...

توپ ايچيدين

- آڭلىدىڭىزمۇ ... نيغى گودوك بولمىديغو ، - دگەن جواب آڭلاندى .

آنديرى شو زاووتنىڭ كوتيلينيدە 1) اشلەيدى . او ، لاوولداب اوت بيتيب تورغان اوچاقغا آخرقى گوجەك كومورنى تاشلاب ، اشنى توگەتتى . بوچاغدا امدى ساعت 3 بولوشقا آزقالغان ايدى . آنديريغا اوخشاش اوت قاليغوچيلا، ( كوچيگارلار ) اونمينوت ايلگيرى كيليب آلميشاتتى .

آنديرنىڭ دميتروس ديگەن بر دوستى آستا بينيغا كيليب :

- آڭليديڭمو ، آندوروشكا ، گلوشكونى ايتيبويتپتيغو ، - ديدى . شو آريدا آلميششقا كەلگەنلەراشكنى ايچيب كرشتى . اولارنىڭ گەپلىرى آنديريغا آڭليدب توردى .

- دەروازا آلديدا غوغا كوتورليوانيدو .

- كوردوڭمو زاووت كوزەتچىلىرى شوياقغا يوگرەب كەتتى . ديريزينىڭ كەينى طرفيدين ملتق اونى آڭلاندى . اويديكى اشچيلار « نيمە بولغاندويندە؟» ديگەندەك بەلگيدە بر - بريگە قاراشدى .

برنەچچە سيكونتقيچە هەممىسى جيم تورغان حالدا ملتقنىڭ يەنەبر اينيلشينى كوتتى . آنديرى شوتيغا دەسسەب يوغان پەچنىڭ اوستيگە چقتى . يوقوريدانلار اوچ ديريزە بواوب اولارنىڭ برسىاوچوق ايدى . شواوچوق ديريزيدين زاوونىڭ دەروازيسى كورنەتتى . دەروازا آلديدا توپلونوب تورغان آدەملەرآريسيدا قاندافتو نارضلىق توغولغان . اولار تورغون ، دەروازا آلديديكى اوچوقچيلقدا زچيدە توريدو . كيمدو بري تامنىڭ اوستيگە چيقب ايليب ، يغلب تورغار خلققە برنيمە دەب واقراوانيدو . دەروازا طرفكەبرنىڭ كەينيدين ايككنچيسى ، يوگ.

1) كوتيلنى - زاووتنىڭ قزانلىرى چايلاشقان بولومى .

رەب زاووت كوزەتچيلرى كيلشيواتيدو . شوآريدا ماشينە بولوميدە اشلە يدي غان پان ستروميل ديگەن كيچك ميخانيك ، ايلدام يوگرەب كوتيلنييگە گرديدە :

— آلميشش واقتى بولديغو ، نيمشكە گودوك بەرمەيسيلەن ؟ — دەب جينينك باريچە واقيردى . پتاخا I ) قينى بولوڭلار گودوك بيرڭلار:

اونوڭ واقيرشيغا هيچ كيم ايرەن قلميغاندين كيين اوزى يوگرەب بيريب گودوكنك قاپچغينى آچيديغان اينچيكە آغامچيغا باغلاقليق چەبرنى توتيدە ، توۋەن قارتيپ باسدى .

گودوكنك قاتتق آوازى اونى سەسگەندوريوەتتى . او هەممينى اونتوب ، قيتب قالدى .سببى : او دەروازا آلديدا بوليواتقان وەقعەگە بارليق دقتينى سليب قاراب تورغاندا بوآواز تويوقسزلا كوتورولدى .

بارلق چوڭ - كيچك اشكلەردين زاووت هويليسيغا خلقلر دوكورشوب كرش كە باشليدى . اشچيلارنڭ ييريمينى آياللار تشكيل قلاتتى .

آنديرى ايلدام يەرگە چوشتى .

ميخانيك چەبرينى قويووەتتى . قولاق - ميەنى يەب تورغان آواز چيپپدە توختيدى . ئەنەشوچاغديلا ميخانك پتاخانى كوروب :

— نەدە يوردوڭ ؟ — دەب آچچيغى بلەن سوريدى .

— مەن ديريزيدين قاراب تورغان ايديم .

— هە - ئە -: ئە ، ديريزيدين قاراب تورغانميديڭ ؟ آنداق بولسا . حسا. بڭنى آل ! سينى بزاشلەش اوچون آلغان ... - ديدى ميخاينك . آندين كوچيگار ( اوت قاليغوچى ) لارغاقاراب :

— اشڭلارنى قيلڭلار - دەب واقيريديدە ، اوزى يوگرەب ماشينە بولوميگە چيقب كەتتى .

آنديرى برنەچچە سيكونت قمر قلماى شوك توروب قالدى . اونى بر فكر اوراب آلغان ايدى . او ايككى اوتتوردا قيلب كوڭليديكى فكرنى چەتكە قيقب باقتى . ليكين او فكر آنديرينڭ اختيارينى تماما= ايگيلەب آلغان ايدى . خودى بر ايگز جايدين سەكرەيديغاندەك يوروگى دوپوللەشكە باشليدى . كوب اويلاب تورماى يوگرەب اشيك تۈويگە بارديدە ، اشكنى بەكيتب آچقوچنى يانچوغيغاسالدى . آندين قايتب اوز جاييغاكەلدى . و چەبرنى توتوب اوز ايغرليغى بلان توۋەن باستى .

آواز ييڭيواشدين يەنە كوتورولدى .

— آنديرى بونيمە قلغينڭ ، آلجيب قالديڭمو ؟ - ديشيب كوچيگار لار

1 ) پتاخا — آنديرينڭ فەميلييە سى .

پنا خانك آلديغا اومتولوشتى . بزنيەو اشدين چقارسون دەمسەن ؟

لەيكين اولارنك سوزى آنديريغا آڭلانمانتى . اوچەبرنى هەمان تووەن زانيب توردى .

ــ قويغين ، آندوروشكا ، بونداق قلساك هەمميەزنى قوغلايديغوا ـ هيدى دميتروس يالوورغان حالدا .

آنديرى برقوليدا چەبرنى توتوپ ايككينچى قولى بلەن كرمور چوقوي دىغان ايغر لومنى آلديدە ، دميتروسقا قاراب :

ــ ييگيتلەرگە ايتقن ، بويەردين كەتسون ! ئەنە آوو آرقا طرفديكى كيچك اشيكدين چقسون ... اگردە برسى سوريسا پتاخا بزنى لوم بلەن اوردى دەب ايتسون ... دەب وافيريدى .

لەيكين اونوك سوزيەو فقط آڭلانميدى . آندين چەبرنى قويووەتتى . آواز چيپپيدە بيسلدى ... لومنى ايككى قوليدا توتوب ، كومور چاڭلرى باسقان قاب - قارا كوزلرينى هرطرفكە يوروتوب ، يولداشلريغا :

ــ چقڭلار ئەوو كيچك اشيكدين ! ييگيتلەر ، دوسلوق يوليدا اونونيەن ياخشيلقچە قيچڭلار حاضر ! مەن خلقنى كوتوروش اوچون گودوك بەرەيم . . . نيمەيلا قلسا ، مينى قلسون ... چقيڭلار ييگيتلەر ، بولميسا لوم بلەن سالىمەن ! بولوڭلار دەپ لومنى ايگز كوتەردى .

كوچيگارلار كيچك اشيككە قاراب دوكوروشوب ماڭدى .

. 2

آنديرى ايشكنك ايلغوچلرينى سيليب بەكتدى هم قوليديكى لومنى اشك نك نوتقوچيغا كرگوزوب قويدى . آندين قايتيب كيليب يەنە چەبرگە ايسلدى ، يەر - جهاننى تيترىتب بەنە گودوك چيليندى . گودوكنك موادداق اوزاق چلينيشى ، قاندافتو بر كوڭولسز واقيعەنى آڭليتاتتى . بوآواز بتون شهر خلقينى كوچيغا چقشقا مجبور قلدى . هەمميسيلا اويلريدين چقب گودوكنى دقت بلەن تيڭشيماقدا ايدى

گودوك بولسا بر توختيماى چيلينواتماقدا .

1 - كوزەتچيلەر يوگروشوب كونيلغيينك اشيگيگە ييتب كەلدى ، هم ملتقلرينك پاينيگى بلەن اشيكنى اوروشقا باشليدى . قاتماللار قاپلاب ،

پوختا ياسالغان ايغر ايشك ، اولارنك موندان قاتتق اورشبدين هيچ زەخمە گور-
مەى ، فقط آزراقلا چالاخلاب قويانتى .

— شوتانەپكيليگلار ! مك ديربزيگە چق ! آت اونى ! - دەب كوزەنچيد-
لەر باشلىقى واقردى .

بر وقتدە برپاى اوق ايتلىب ، ديربزە چاراك - جوروك قىلىب قالديدا ،
آنديرينك قوليغى تووبدين ويگگيدە قليب اوتوب كەتتى . آنديرى فورقونوچ
لوق احوالدا قالغينىنى شوچاغديلا سەزدى .

اواختيارسز يوسوندا چمبرنى قويبوەتتى . گودوك توختاب قالدى . آنديـ
رى يەنە ايتيليديغان اوقدين ساقلينش اوچون كومور قويبـديغان گوداگـغا
چوشوب آلدى .

ملتيق توتقان قولينى آلغا سوزوب ، قسيليب برپولەك ليگيئونيرى (عسـ
كرى) ديربزيدين كريب كەلمەكدە ايدى . پلاخا گوداگنك ايچيدە خوددى
قولغا چوشكەن چشقاندەك اوياق - بويقا يوگرەب يورەتتى . اوكوتورولشنى
امدى آياقلاشتيغو دەب اويليغان ايدى . لەيكين بو آريدا اونوك بيشيغا يېگى
ير فكر توغولدى .

2 - ديريزە تار بولغاشقا ليگيئونير اينجيقلاب ، يينيچە سلجيب كرمەكدە
ايدى . كاينيديكيلەر اونى بوليشيوا تانتى . آنديرى « همانەم اوليمەنغو » ـ
دەب اويلاب ، بر كاللەك آنترانسيتنى ( تاش كومورنك برخيلى ) آلديدە ،
گوداگدين سەكرەب چقتى . آندبن قوليديكى كومورنى سالەقليق بلەن شلـ
تب ديريزيگە آتدى . تاش كومور بيريب ليگيئونيرنك اوزيگە تەگدى . ليگيـ
ئونير هو گورەب كەتتى . هەش - پەش ديـگيچە اونوك يوزى قيپ - قزيل
قانغا بويالدى . قوليديكى ملتيغى چوشوب اوزى شوخشويوب ، كەينيديكى كو-
زەتچيلەرنك اوستيگە ييقلدى . ملتيق كوتيلنينيك سيمنت يايغان ييريگە چالاقـ
قيدە تايب چوشتى . بوآريدا يەنە بر پاى اوق اتيلدى .

آنديرى خوشال بولوب قين - قيغا پاتماى كەتتى . چونكى اوتاش كو-
مورلارنى ديربزيگە قاريتب خوددى بومبا تاشليغاندەك كەينى - كەينيدين آتـ
ماقدا ايدى .

ديريزنك كەينيدين واقراب ، چيديميغينيدين آغزيغا كەلگەننى دەب تلا-
لاشلار آگلاندى . شوتيغا چققانلار آلديراشاق بلەن شوخشوب يەرگە چوشكە
باشلايدى .

3 - آنديريغا يگيلواشدين غيرت كردى . او بيلىديكى پويىسىنى يەشتىدە ، چەبرنى تووەن تارتيب ، ريگولەتور ( تەگشيگوچى ) غا باغلاب قويدى ، گودوك هوانى چاك كەلتوروب ينە چيلىندى . امدى توختاش يوق ، چونكى پتاختا پويىسى بلەن محكم باغلاب قويغان ايدى . شونداق قليب ، آنديرينك هر ايككى قولى بوشيدى . اوايگيئوليرلارنك بيسب كرشيدين قورقوب ، كومورلەرنى ديريزيگە قارتيب كەينى ـ كەينيدين بر توختيماى ايتب توردى .

4 - چيلشنك قزقچيليغىدا كوتيلينيدە ينە ايككى ديربزە بارليغى آنديرينك ايسيدين چققان ايدى . بر چاغدا اوديريزيلەر نگەو ئەينە كلرى پاچاغليب تامنك سو گيقى قويولوب چوشدى . آنديرى اونى كوروب چوچيدى . وە اوچ تيريزيگە چامى يەتمەسليگينى بلدى . تاشقير ديكيلەر ينە ملتيق ايتب ، آنديرينى ينە گوداگغا چوشوشكە مجبور قلدى . ديريزيلەرنك برسيدين ملتق نك وچى كوروندى . آندىرى جيلە بولوب تاش آتدى . آمما ايككنچى دىريزبدين يتلغان ملتق اونى چيكيندوردى .

ـ منا امدى توگيديم ، ـ ديدى آنديرى وە بيغليويتشكە تاسلا قالدى. ئەرليك اونى تاشلىماقدا ايدى . اوقارشيغينى قويوب گوداگنك بربولو گيدااولتورغان ايدى . قاندا'قتو بر نرسە اونوك بيقينيغا پيتب كەتتى . پتاخا اونى اختيارسزلق بلەن توتوب باقتى . اوپوژار ئشلانگيسى ( سو اوتمەيديغان كاناپچە ) نك اوچى ايدى . كوچيگارلر بونى كومور تەملەش اوچون فايدىلينانتى . هارغان آنديرينك سيزيميدە ليميدو يالت يتب قالدى .

5 - هە ... ئە ، سيلەر مينى قوغا چوشتى دەب اويليويديگلارەو ، يالاقچى دەيوزلەر ! كوريمز غو امدى ـ دب وافردى . لەيكن گودوكنك آلجيغاندەك قاتتق هوكورشى اونوك سوزلربنى هيچ كمگە آڭلانميدى .

آنديرى شلانگيغا سوقويىديغان چاقتا اوخشش نەرسينى اشنك ـ اشنك تولغاشقا باشليدى . باشلاب براندسپويت (اوت اوچوروش ناسوسى) دىن قاتتق اوشقيتب هوچقتى . اونوك كەينيدين كوچلوك ايتليب قايناق سوچيقشقا باشلىدى . كومور گوديگى هرغا تولدى . آنديريگە دەم ايلش قيين بولدى . اوتيترەك باسقان قوللرى بلەن براندسپويتنى توتوب كوتەردى . قوللرى كويوب قايناق سونك چاچراب نورغان تامچيلرى اوز ـ كوزيگە تيگب عذابليب تورسيمو ، چيدىدى . قايناق سولى كوتيلنيگە قارتيب چاشتى .

او، بوچاغدا امدى، اولتورويتەرمو دەب وايم يەمەتتى. ايتايب تورغان قايناق سونى دىرىزىگە قارىتىپ چىچىشقا باشلىدى. دىرىزە كەينىدە تورغانلارنىڭمو كورەب قاخشاشارىنى آڭلاب خودى بر ئاۋاي ئارسىيگە اوتتش اوسول اوينىاب كەتتى. گودا كەدىن چقىپ سوقاينىپدىغان بوغان توتلارنىڭ آريلرىغا كريب اولتورديدە بويىنىنى سوزمابلا برانىدە پويىتنى اوياق - بويانقا بوراب، قايناق سوي دىرىزىگە چاچيوەى، خوشاللىقى قىين - قىنىغا پاتماي كەتتى. كوتبلنىيگە هو ابق تولدى. قىنىق سو يەرگە توكولوپ خىلىلا يىيىلغان ايدى. آندىرى او سودىن پەچنىڭ ايگزرەك بر - بيريگە چىقىپ اوزىنى سانلىدى. اونو كىغا دەم ايلش تەس ايدى. توللرى كويگەن، شوندا قىنىمو باشقا علاجى يوق قاندا قلا بولمىسون قارشىلاق كورسوتوش كىرەك ايدى.

گودوك شەرنىڭ هەممە يېرىگە آڭلىنىپ توردى.

(داوامى بار)

---

# قان

**قهارى.**

چو قور آڭلاۋاتيم، مىنىڭ دەتلىك سازىمنى،
فيغانلق موڭ ديلاردىن، آڭليدار اصلى ارزيم.
يات كيليب غازاڭ قلدى، بوستان بلەن يازيمنى،
كورەشدىن توكسەم الهام، ادا بولغاي پك قەرزيم.

او،... تاقتسز مينوتلا، قانلار بلەن يويولغان،
قربانلا آچقان ايرنى، لاي‌سولا كومەلمەيدو.
گەودە سويەكلر تبريك، حق منبردە قويولغان،
بو گون سوزلەيدو تاريخ، هيچ كيم كوزيومالمەيدو.

يار كەڭرى آسماندا يولتوزدەك نورلوق كورونسە،
نيمشكە بولوب ياندش بولوب توندە مارايدو؟
آلتون چيچەكلر قيسب، سوبهيدەك بر تەلپونسە،
نامى زەهر كوزينى، آلايتىپ سەت قارايدو؟

«نريك ناپلا» قاقادلاب، يىنە كوامەكچى بوندا...
بارمو تاقت اوخلاشقا، ظاومدين كورەش اعلا!
اگرده قولاق سالساڭ، جنوبنىڭ احواليغا،...
غضب تاشقين بولوب، تار كيلەر بو كەڭ دنيا!

کەتمەیتو قارابولوت ، ملەش آلواك ياساقلا ،
« شك » بلەن « اوبەك‌شاك » دين . اتامبرات قالغانمو ؟...
قايسى سەت كارتينا بو ، پوتەى بلەن سيپللا ،
« توحفيمو » بوعصرگە . يا كى اوتەسكى تامەو ؟

توهمت بلەن سوزليمەس ، حقنى سوزلبگەن تلیم ،
جنوبقا ماکغانلاردين ، سرسان بولغينى يالغانمو ؟
قورقوپ ياللوروب پوتمەس ، تەڭليكنى كوزلىگان اشيم
جنوپقا ئەل ماڭماسقا ، آيريم حكوم بولغانمو ؟

جواب بەرگين‌اى ! ... ، مسنبد اباەخ ظلوم تختى ،
« خاو - خاو » بلەن بويالمايدو ، توكولگەن قان ايزى .
يتەرامدى . اوتموشدە سان قانلا ناحق اختى ،
سوزلەشكە حقلق بوئدل . چونكى آتقان تاڭنك كوزى .

---

# توزوتوشلەر

| بەت | ستون | قۇر: يوقيريدين | قۇر: تووەندين | بېسىلىشى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 18 | 1 | 9 | — | بنى | آشقينى |
| 19 | = | — | 1 | ك | — |
| = | = | — | 3 | سىجودين | سىبىردين |
| = | = | — | 4 | 188 | 1883 |
| 20 | = | — | 9 | موتەفەككورچى | موتەفەككورچى |
| 21 | 2 | — | 10 | مگە كچىلرى | امگە كچىلرى |
| 25 | 1 | — | 8 | نطقە | نقطە |
| 29 | 2 | 8 | — | فورولغان | قورولغان |
| 30 | = | 16 | — | ايشسترو كسيده | اينسترو كسيه |
| 32 | = | 8 | — | بمانى | قېرىمانى |
| 36 | — | — | 9 | بر | بر |
| 38 | — | 15 | — | ير | بر |
| 39 | — | 4 | — | پتاختا | پەلخا |
| 40 | — | — | 7 | نيمشكەبولوب | نيمشكە بولوت |

موندين باشقا ماشينيدا ايزلگەن حرفلر چقەى قالغان جايلرى بار . توزوتوب
اوقوشلرينى سورايمز .

بهاسى : 300 دوللار